شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن چىقىرىلدى

# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

# 新疆人大

2001·10



# ئۇنىۋېرسال سۈرەتلىك خەۋەر

2001 - يىلى تەڭرىتاغ مۇھىت ئاسراش ئەسىر سەپىرى پائالىيىتىدە ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خوجىخان ھاكىموۋ، ئاسانبېك تۇردى ئايرىم - ئايرىم ھالدا شىمالىي ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىقتا سۇ تېجەپ سۇغىرىش، شەھەرلەردە سۇنى تېجەپ ئىشلىتىش ۋە سۇنىڭ بۇلغىنىشىدىن مۇداپىئەلىنىش قاتارلىق ئەھۋاللار توغرىسىدا قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈردى.

گۆڭ خۇي، ئەركىن رېشىت فوتوسى



مۇئاۋىن مۇدىر ئاسانبېك تۇردى جەنۇبىي شىنجاڭدا سۇ تېجەپ سۇغىرىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.



↑ ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مىجىت ناسىر، باش كاتىپ مەھەممەت رەجەپ يىغىنغا قاتناشتى ۋە ئىلغار ئورۇنلارغا مۇكاپات تارقاتتى.

← «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى نەشرىياتى 29 - ئاۋغۇستتىن 30 - ئاۋغۇستقىچە ئاقسۇدا ژۇرنالنى تەشۋىق قىلىش - تارقىتىش خىزمىتى يىغىنىنى ئاچتى.

ۋاڭ شىنپىڭ فوتوسى



باشقۇرغان ئاچىلىق ئاپتونوم ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى موڭ دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە يېزىلارغا بېرىپ، دېھقانلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بەردى.

لۇ ۋاڭخاۋ فوتوسى



22 - ئاۋغۇست كەچتە، ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لى فېڭزى خەلق سارىيىدا رەئىس ئالى
بۇلبايېۋ باشچىلىقىدىكى قىرغىزىستان پارلامېنتى خەلق ۋەكىللى
مەجلىسىدىكىلەر كۆرۈشتى.

يالڭ يى فوتو-




مۇئاۋىن مۇدىر خوجىخان ھاكىموۋ شىمالىي شىنجاڭدا مۇ
ھىت ئاسراش خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلاتنى ئاڭلىدى.




يىغىن مەيدانى



يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر ئاقسۇ كۆكيار كۆكەرتىش قۇرۇ-
لۇشىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

# يېڭىلىق يارىتىپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرايلى

يىلدا بىر قېتىم ئېچىلىدىغان ژۇرنىلىمىزنى تەشۋىق قىلىش، تارقىتىش خىزمىتى يىغىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ پىكرىنى بىۋاسىتە ئاڭلاپ، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەتچىلىرى بىلەن بىرلىكتە ژۇرنىلىمىزنى ياخشى چىقىرىش ئۈستىدە كېڭەشكەن ئىنتايىن ياخشى پۇرسەت. بۇ يىل كۈزدە ئاقسۇدا ئېچىلغان يىغىن پۈتۈن پارتىيە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «1 ـ ئىيۇل» دا قىلغان سۆزىنى چوڭقۇر ئۆگىنىۋاتقان ياخشى پەيتكە توغرا كەلدى. يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر سۆزنىڭ روھىنى يېتەكچى قىلىپ، ژۇرنالنىڭ تەرەققىياتى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن ئەقىل ـ چارە كۆرسەتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى ئۇلارغا سەمىمىي رەھمەت ئېيتىدۇ!

ئالاھىدىلىك بىر ژۇرنالنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە روناق تېپىشىدىكى مۇھىم ئاساس. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ئارقىسىدا، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ئۆز ئالاھىدىلىكىنى كۈندىن ـ كۈنگە بارلىققا كەلتۈردى. بىرىنچىدىن، جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكى توغرا بولدى. ژۇرنالنىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە نۇسخىلىرىدا پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىدا، ئىجابىي تەشۋىقاتنى ئاساس قىلىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇلدى. باشتىن ـ ئاخىر دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى چۆرىدەپ خەۋەر بېرىلدى؛ مۇھىم سۆز ۋە مۇھاكىمىلەردە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىغا بويسۇندۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا خىزمەت قىلدۇرۇش باشتىن ـ ئاخىر گەۋدىلەندۈرۈلدى، نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتە، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى؛ خەۋەر بېرىشتە شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈپ، ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىش جەھەتتىكى ئۇسۇلى ۋە تەجرىبىلىرى باشتىن ـ ئاخىر گەۋدىلەندۈرۈلدى؛ نەزەرىيە تەشۋىقاتىدا، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان بەزى ئىدىيىۋى تونۇش مەسىلىلىرى باشتىن ـ ئاخىر گەۋدىلەندۈرۈلدى. ئىككىنچىدىن، سەھىپىلەر كۆپ خىل بولدى. ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش، يېڭىلاش نەتىجىسىدە، خەلق قۇرۇلتىيى ژۇرنىلىغا خاس بىر يۈرۈش يېڭى سەھىپىلەر مۇكەممەللەشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، نەزەرىيە سەھىپىسى، ئاخبارات سەھىپىسى بار؛ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدىن خەۋەر بېرىلىدىغان سەھىپە، قانۇنچىلىق تەشۋىقاتى سەھىپىسى بار؛ خەلق قۇرۇلتىيى سەھىپىسى، باشقا ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە چەت ئەل پارلامېنتلىرىنى تونۇشتۇرىدىغان سەھىپە بار. ئۈچىنچىدىن، خەۋەرلەرنىڭ مەزمۇنى مول بولدى. ژۇرنىلىمىزدا ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، رەھبەرلەرنىڭ سۆزلىرى ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى كۆپلەپ ئازايتتۇق. يېتەكچى رول ئوينايدىغان بەزى مۇھىم سۆزلەرنى ئاخباراتچىلىق قانۇنىيىتى بويىچە، مۇھىم نۇقتىلىرىنى تېپىپ چىقىپ، يېڭىۋاشتىن ماۋزۇ قويۇپ، گەۋدىلەندۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدۇق. نەتىجىدە بەتلەر كۆپلەپ بوشاپ، ئاساسىي قاتلام خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى ھەققىدىكى خەۋەرلەرنىڭ سانى كۆپەيدى. بۇنىڭ بىلەن، ژۇرنىلىمىز پۈتۈن شىنجاڭدىكى خەلق قۇرۇلتايلىرى ئارا ھەتتا ئىچكىرىدىكى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتايلىرى ئارا تەجرىبە ئالماشتۇرىدىغان ژۇرنال بولۇپ قالدى. تەشۋىقات سۈپىتى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلۈپ، شىنجاڭدىكى ۋە ئىچكىرىدىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇن ئىدارە قىلىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن، خەلق قۇرۇلتىيى ژۇرنىلىغا يېڭى، تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويۇلدى. ژۇرنالدا پەقەت «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» تەلىپى بويىچە، دەۋرگە ئەگىشىپ، يېڭىلىق يارىتىپ، ئاخبارات ۋە تەشۋىقاتتا سىياسىينى گەۋدىلەندۈرۈپ، بەدىئىيلىكنى كۈچەيتىپ، ئۇنى ساۋات بىلەن يۇغۇرغاندىلا، ئاندىن تارىخ يۈكلىگەن مۇقەددەس بۇرچنى ئورۇنداپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ژۇرنىلىمىز باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «1 ـ ئىيۇل» دا قىلغان سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزلەشتۈرۈپ، «3 كە ۋەكىللىك قىلىش» ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، يەنىمۇ يېڭىلىق يارىتىپ، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى خەلق قۇرۇلتىيى ژۇرناللىرى ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى ژۇرنال قىلىپ چىقىمىز. خەۋەرنىڭ مەزمۇنى جەھەتتە، ژۇرنىلىمىز نەزەرىيە تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىپ، خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشكە كاشىلا بولۇۋاتقان تونۇش ۋە تۈزۈلمە قاتارلىق جەھەتتىكى بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت ئەمەلىيىتىدىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدۇ. تەشۋىقات پىلانى جەھەتتە، پۈتۈن شىنجاڭدىكى خەلق قۇرۇلتىيى سىستېمىسى بويىچە مەركەزلىك ئىشلىنىۋاتقان مەلۇم بىر ئىشنى تاللاپ، چاتما خەۋەر بېرىپ، خەلق قۇرۇلتىيى سىستېمىسىنىڭ ئۆزئارا ئۆگىنىش ۋە ئورتاق يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ماقالىنى تەھرىرلەش، تاللاش جەھەتتە، پۇقرالار ياقتۇرىدىغان شەكىل ۋە يېڭى، جانلىق سۆز ـ ئىبارىلەرنى ئىشلىتىپ، خەۋەرنىڭ ئاساسىي تېمىسى ۋە مەزمۇنىنى ياخشى ئىپادىلەپ، ئوقۇرمەنلەرگە يېڭىچە تۇيغۇ بېغىشلايدۇ. خەۋەرنىڭ دائىرىسى جەھەتتە، دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى خەۋەرنى كۆپەيتىپ، قىزىقارلىق، تىپىك دېلو مىساللىرى ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنى چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ژۇرنىلىمىز ماقالە قوبۇل قىلىش پائالىيىتى ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ ئوقۇرمەنلەرنى ژۇرنىلىمىزغا كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە ژۇرنىلىمىزنى قوللاپ ژۇرنالنى بىز بىلەن بىللە ياخشى باشقۇرۇشقا جەلپ قىلىدۇ.

بۇنىڭدىن كېيىن ژۇرنال باشقۇرۇشتا «3 كە ۋەكىللىك قىلىش» ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكى، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، بىز چوقۇم «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى مول دەۋر ئالاھىدىلىكىگە، خەلق قۇرۇلتىيىغا خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە، سۈپىتى يۇقىرى ژۇرنال قىلىپ چىقىپ، ئوقۇرمەنلەرنى ئەڭ ياخشى مەنىۋى ئوزۇق بىلەن تەمىن ئېتىمىز.

# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

# 新 疆 人 大

(月刊)　　　　　　　　　　　　　　(ئايلىق ژۇرنال)

(21 _ يىل نەشرى)　　　(ئومۇمىي 223 _ سان)　　　2001 _ يىل 10 _ سان

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى نەشرىياتى نەشر قىلدى

نەشرىيات باشلىقى: ئەنۋەر غۇلام

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

باش تۈزگۈچى: سەمەت دۇگايلى

مۇھەررىرلەر: تاھىر مامۇت، نۇرگۈل كېرەم


## ئوبزور


يېڭىلىق يارىتىپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرايلى .................................... (1)


## رەھبەرلەرنىڭ سۆزى


«ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقات خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى ..............................مەھەممەت رەجەپ (4)


## ھەر سانىدا بىر نىزام


شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش نىزامى...... ..................(9)


## مۇھاكىمە ۋە تەپەككۇر


مۇھىت ئاسراش بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت توغرىسىدا..........ئابباس ئاۋۇت (14)


## خىزمەت ئاللىلىرى


ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسى ۋە ئېلىمىزنىڭ يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى قۇرۇلۇشى..............جياڭ دېخەي (18)


## خەلق قۇرۇلتىيى سېپىدە


بىر ئۆمۈر جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ تۆھپە يارىتىشقا بېغىشلانغان ئۈمىدۋار قەلب.......... پەرھات مەسۇم (26)


## باشلامچىلار


يارانتاپچىقا بىمار ئۈچۈن نى - نى تۆھپىنى، چاقنىدى كۆكسىدە شەرەپ ئوردىنى................ئىبراھىم ئەيسا (29)

## مۇلاھىزە

«ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئىدىيىسىنى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك...رېن داۋېن (32)

## جەمئىيەت ۋە كۆزىتىش

مەكتەپ مۇدىرلىرىنى تەيىنلەشتە دېموكراتىيىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك......سادىق نىياز (34)

## بالىلار - ئۆسمۈرلەر تەربىيىسى

بالىلارنىڭ كومپيۇتېر تورىغا ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ كېتىشىدىن ساقلىنايلى......... ..........

## تەجرىبە ۋە تەسىرات

خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەيلى...... ..........
تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنىڭ يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلايلى ...........(38)
«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى مېنىڭ سىرداش دوستۇم ......................... ياسىن ھاشىم(42)
رەھبەرلىك ئەھمىيەت بەرگەچكە، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ تىرازى ئاشتى ...............(44)

## خەۋەرلەر

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى تەشۋىق قىلىش - تارقىتىش خىزمىتى يىغىنى ئاقسۇدا ئېچىلدى قاتارلىق 14 پارچە خەۋەر................................... ..................(46)

## دېلودىن مىسال

بىمەنىلىك بىلەن باشلىنىپ ئازاب بىلەن ئاخىرلاشقان بۇلاڭچىلىققا قارشى تۇرۇش مانېۋىرى.........سەي چۈن(52)

## بىلىملىك

ئىنسانلار كېيىنى................................................................چىن يۈرۈ (57)

بۇ ژۇرنال ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە نەشر قىلىنىدۇ
ھەر ئاينىڭ 5 ـ كۈنى نەشردىن چىقىدۇ، جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
تېكستى ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
مۇقاۋىسى شىنجاڭ تاشقى سودا ئوراش ـ قاچىلاش زاۋۇتى رەڭلىك سۈرەت بېسىش ئورنىدا بېسىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN65— 1033 / D - W
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 34 ـ 58 پوچتا نومۇرى: 830000
ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي دوستلۇق يولى 45 ـ قورۇ
تېلېفون: 4828065 ئارقىلىق 61203، 61208

# «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقات خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ 2001 ـ يىللىق تەشۋىقات، تارقىتىش خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز (قىسقارتىلمىسى)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى
مەھەممەت رەجەپ



«ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئىدىيىسى يېڭى تارىخىي دەۋردە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشتىكى ئۇلۇغ پروگراممىا، پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسى، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشنىڭ ئاساسىي ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت مەنبەسى شۇنداقلا خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ھەرىكەت قىبلىنامىسى، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئاخبارات، تەشۋىقات خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى.

**1. «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئىدىيىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇش**

باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيىسى پارتىيىمىزنىڭ 80 يىللىق ئومۇمىي مۇساپىسى ۋە ئاساسىي تەجرىبىلىرىنىڭ مۇپەسسەل يەكۈنى، ئۇ يېڭى ئەسىردە پارتىيىنىڭ ئىلغارلىقىنى ساقلاشقا قويۇلغان ئاساسىي تەلەپ ۋە ئالغا ئىلگىرىلەشتىكى يۆنىلىش، ئۇنىڭدا يېڭى ۋەزىيەتتە قانداق پارتىيە قۇرۇش، پارتىيىنى قانداق قۇرۇشتىكى چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەرگە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ جاۋاب بېرىلدى. ئۇنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك تەلىپى، ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ ئىلغارلىقىنى، ئۇنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتى ۋە ئالغا ئىلگىرىلەش روھىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇ مۇھىم ئىدىيە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ ماھىيىتى بىلەن بىردەك، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى ۋە مۇھىم نۇقتىسى بىلەنمۇ بىردەك.

خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى. ئۇ خەلقنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئۇ تارىختىن بۇيانقى ھۆكۈمران تۈزۈمگىمۇ ئوخشىمايدىغان، غەربنىڭ «3 ھوقۇق ئايرىم بولۇش» تۈزۈمىگىمۇ ئوخشىمايدىغان، داۋاملىق تەرەققىي قىلىپ مۇكەممەللىشىپ بارىدىغان بىر خىل ئىلغار تۈزۈمدۇر. بۇ تۈزۈمنى يولغا قويۇشنى تارىخ تاللىغان، ئۇ جۇڭگو خەلقىنىڭ قانلىق كۈرەش قىلىشىنىڭ نەتىجىسى. خەلق سايلاپ چىققان، خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولىدىغان، خەلقنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىدىغان ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى پارتىيىنىڭ تەشەببۇسىنى قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ ئارقىلىق دۆلەتنىڭ ئىرادىسىگە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت زور مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان، ئۇ پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرگۈچى ۋە پارتىيىنىڭ تۈپ ۋەزىپىلىرىنى بىۋاستە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزگۈچى، بۇ تارىخىي بۇرچنى ياخشى ئادا قىلىش ئۈچۈن، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئىدىيىسىنى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

2001

4

قانۇن چىقىرىش، چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىش، قانۇن نازارەتچىلىكى، خىزمەت نازارەتچىلىكى، كادىرلارنى تەيىنلەش ـ قالدۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشتا، قەتئىي تەۋرەنمەستىن پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىگە تايىنىپ ۋە ئۇنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىپ، خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈپ پارتىيىنىڭ تەشەببۇسىنى دۆلەتنىڭ ئىرادىسىگە ئايلاندۇرۇپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە ئوڭۇشلۇق ئەمەلىيلىشىشىگە، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ توغرا يۆنىلىشكە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

خەلق قۇرۇلتىيى ئاخبارات ـ تەشۋىقات خىزمىتى ئاساسلىقى دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىدىغان، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدىكى ئىنتايىن مۇھىم ھەم سىياسەتچانلىقى كۈچلۈك خىزمەت، شۇڭا «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيىۋىلىك پرىنسىپتا، سىياسىيونلارنىڭ ژۇرنال چىقىرىش ئىدىيىسىدە، توغرا تەشۋىقاتنى ئاساس قىلغان ئاخبارات ـ تەشۋىقات فاڭجېنىدا ۋە توغرا جامائەت پىكرى يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك. بىرىنچىدىن، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش قارىشىنى كۈچەيتىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە پەقەت پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدىلا ئاندىن روللىنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ، دەيدىغان ئىدىيىنى تۇرغۇزۇش كېرەك. نەزەرىيىۋى تەشۋىقات ۋە ئاخبارات ـ خەۋەر بېرىش ئىشلىرىدا قايىل قىلارلىقى كۈچلۈك بولغان نەزەرىيە ۋە جانلىق ئەمەلىيەتتىن پايدىلىنىپ، ئوقۇرمەنلەرنى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە قۇرۇلغان، خەلق ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولىدىغان ھاكىمىيەت شەكلى ئىكەنلىكىدىن خەۋەردار قىلىش كېرەك. پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ كاپالىتى. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بارلىق خىزمىتىدە پارتىيە رەھبەرلىكىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىش كېرەك، خىزمەتلەرنى پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇش كېرەك؛ خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ شۇ مەمۇرىي رايوندىكى ئىجراسىنى نازارەت قىلىشتۇر. مۇشۇنداق قىلغاندىلا پارتىيىنىڭ تەشەببۇسى، خەلقنىڭ ئىرادىسىنى ۋە دۆلەتنىڭ قانۇنىنى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت ئەمەلىيىتىدە ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئومۇمىيلىق قارىشىنى كۈچەيتىپ، مۇقىملىقنى ساقلاش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنى قوللاش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى ئاخبارات ـ تەشۋىقاتىدا ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى قانۇن چىقىرىش، كۆزدىن كەچۈرۈش، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش، دوكلات ئاڭلاش، چوڭ ـ چوڭ ئىشلار ئۈستىدىن قارار چىقىرىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ، ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتىنى قوللاپ ۋە ئۇلارنى نازارەت قىلىپ، ئىقتىسادنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولغانلىقىنى كۆپرەك خەۋەر قىلىش كېرەك. مۇقىملىقنى قوغداش جەھەتتە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسلىق خەۋپنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە دىنىدىن پايدىلىنىپ بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي تېمىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇن بويىچە مۇقىملىقنى قوغداش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئەھۋالىنى كۈچەپ تەشۋىق قىلىپ، مۇقىملىققا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان قەبىھ قىلمىشلارنى قاتتىق تەنقىد قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ ئۇزاققىچە ئامان بولۇشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئائىت خەۋەر بېرىشتە جايلاردىكى خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش مۇساپىسىنى قانۇن بويىچە ئىلگىرى سۈرۈپ، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش خىزمىتىنى نازارەت قىلغانلىقىنى، پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقىنى نۇقتىلىق ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ئېڭىنى تەشەببۇس قىلىپ، ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش مۇساپىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. قەتئىي

تۇردە قانۇن بويىچە ئىش قىلىش خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ياخشى بولغان ـ بولمىغانلىقىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم. خەلق قۇرۇلتىيى ئاخبارات ـ تەشۋىقاتىدا خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ تۈپ تەلىپىگە مۇناسىۋەتلىك بۇ مەسىلىگە باشتىن ئاخىر ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، خەلقنىڭ ئىرادىسىغا ۋەكىللىك قىلىش ۋە قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەندە قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باپباراۋەر بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، قانۇنغا خىلاپ ئىشلار بىلەن كۈرەش قىلىشتىكى ئىلغار تىپلارنى كۆپلەپ تەشۋىق قىلىپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولۇش، قانۇنغا ئاساسلىنىش، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى جەزمەن سۈرۈشتۈرۈشتەك سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق پرىنسىپىنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئۆزىنىڭ قانۇن ساپاسىنى ئۆستۈرگەنلىكىنى، قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەنلىكىگە ئائىت ئىش ـ ئىزلارنى كۆپلەپ تەشۋىق قىلىش كېرەك. كونىلاردا: ئۆزىنى سورىغان خاننىڭ ئالدىغا بارماپتۇ، دېگەن گەپ بار. ئۆزى قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش بېجىرگەندىلا، ئاندىن ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشنى، ئەدلىيە ئىشلىرىدا ئادىل بولۇشنى ئۈنۈملۈك نازارەت قىلغىلى بولىدۇ. قانۇنچىلىق تەشۋىقات ـ تەربىيىسىنى قەتئىي بوشاشماي ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ قانۇن ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە، مەمۇرىي تارماقلار، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارماقلارنىڭ قانۇن بويىچە باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، پارتىيىنىڭ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش فاڭجېنىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ياخشى قانۇنچىلىق مۇھىتى يارىتىش كېرەك.

**2. «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» تەلىپى بويىچە، خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقاتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش**

خەلق قۇرۇلتىيى ئاخبارات ـ تەشۋىقات خىزمىتى خەلق قۇرۇلتىيى قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۇنىڭ سۈپىتىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن بولۇشى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ جەمئىيەتتە بولغان تەسىرىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ھەمدە دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئوبرازىغا، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش مۇھىتىنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك. خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقاتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتىكى ئەڭ مۇھىم تەرەپ شۇكى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» تەلىپى بويىچە، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش ئىدىيىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەھەتتىكى ئەھۋاللارنى تەشۋىق قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە ئومۇمىيەت ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىپ، جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت.

بىرىنچى، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈپ، ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تېز راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلغانلىقىنى ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكىنى تەشۋىق قىلىش كېرەك. تەشۋىقات جەريانىدا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇشنى چۆرىدىگەن ئاساستا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈش — خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئىكەنلىكىنى تەشۋىق قىلىش كېرەك. قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىغا نىسبەتەن، جايلارنىڭ قانۇن چىقىرىش، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي قانۇن چىقىرىشتا، قانۇن چىقىرىش تەدبىرلىرىنى ئىسلاھات، تەرەققىيات تەدبىرلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بازار ئىگىلىكى تۈزۈمىنىڭ قەدەممۇ قەدەم مۇكەممەللىشىنى قانۇن بويىچە ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئەھۋالىنى تەشۋىق قىلىش لازىم. نۆۋەتتە، دۆلىتىمىزدە غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلۇۋاتقان، جۇڭگو دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ۋە بىلىم ئىگىلىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە، مۇناسىپ قانۇن ـ نىزاملارنى ئېنىقلاش ۋە تۈزىتىش خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەپ، لىللا، ئاشكارا، ئادىل قانۇنچىلىق مۇھىتىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات ۋە

تەرەققىياتى بىلەن تەمىن ئېتىش ئەھۋالىنى تەشۋىق قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىقتىسادىي خىزمەتكە بولغان نازارەتچىلىك توغرىسىدىكى تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات جەريانىدا يۈز بەرگەن بەزى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش، خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى تەكشۈرۈش، كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش، دوكلات ئاڭلاش قاتارلىق پائالىيەتلەرگە تەشكىللەش، قانۇن، نىزاملارنىڭ ئۆز مەمۇرىي رايونىدا توغرا يولغا قويۇلۇشىغا، تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئىككىنچى، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ۋە دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرگەنلىكىنى تەشۋىق قىلىش لازىم. بىر تەرەپتىن، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزگەنلىكىنى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، دۆلەتنىڭ زورلۇق كۈچىنى قالقان قىلىپ، ئەكسىيەتچىل، چىرىك ئىدىيە بىلەن كۈرەش قىلىپ، ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ تېز راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشىغا يېتەكچىلىك قىلغانلىقىنى، قېلىپلاشتۇرغان ۋە قوغدىغانلىقىنى تەشۋىق قىلىشقا دىققەت قىلىشىمىز، يەنە بىر تەرەپتىن، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى قانۇنلارنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارنىڭ ئىزچىل بولغا قويۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ھۆكۈمەت ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت، ئاخبارات ـ نەشرىيات، تەنتەربىيە قاتارلىق مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى خىزمەت دوكلاتلىرىنى ئاڭلاش ئەھۋالىنى، بولۇپمۇ مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا ئائىت خىزمەتلەر توغرىسىدىكى قارار ۋە بېكىتمىلەرنى ۋاقتىدا چىقارغانلىقىنى خەۋەر قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.

ئۈچىنچى، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى قوغدايدىغانلىقى ۋە ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانلىقىنى تەشۋىق قىلىش كېرەك. بىرىنچىدىن، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ دېموكراتىيىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، خەلقنىڭ دۆلەت ئىشلىرى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە تەشكىللەپ قىلىدىغانلىقى، ئۇنى قوللايدىغانلىقىنى؛ ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، دېموكراتىك سايلام، دېموكراتىك تەدبىر بەلگىلەش، دېموكراتىك باشقۇرۇش ۋە دېموكراتىك نازارەتچىلىكنى يولغا قويۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بىۋاستە قاتنىشىشىدىكى يول ۋە شەكىللەرنى قوللاپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ئىجادىي قانات يايدۇرىدىغانلىقىنى، ۋەكىللەر خىزمىتىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ۋەكىللەرنىڭ ۋەزىپىسىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىشىغا زۆرۈر شارائىت يارىتىپ بېرىپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن قارار چىقىرىش، قانۇن چىقىرىش، كادىرلارنى تەيىنلەش ـ قالدۇرۇش ۋە نازارەتچىلىك قاتارلىق خىزمەتلىرىدىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەكلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈش لازىم؛ ئىككىنچىدىن، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىشىدا چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئاممىسى ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلىدىغان «قىزىق نۇقتا»، «قىيىن نۇقتا» مەسىلىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئىش تەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، خىزمەتلەرنى پۇختا، ئۈنۈملۈك ئىشلەش ئارقىلىق، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىغا ئۇزۇندىن بۇيان توسالغۇ بولۇۋاتقان زور مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، خەلق ئاممىسىغا كۆپرەك ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش لازىملىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئىستىلىنى يەنىمۇ ياخشىلاپ، ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ باشتىن ئاخىر خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ، ئاممىنىڭ دەرت ـ ھالىغا يېتىپ، ئاممىنىڭ سادا سىغا قۇلاق سېلىپ، ئاممىنىڭ بەزى ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىش كېرەكلىكىنى؛ ئالاقىدار دۆلەت ئورگانلىرىنى ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ، تەۋسىيە، تەنقىد،

2011

7

پىكىرلىرىنى ئەستايىدىل بېجىرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، بېجىرىش سۈپىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەكلىكىنى؛ ئەرزىيەت خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، ئەرز ـ شىكايەتنى قوبۇل قىلىش يوللىرى ئارقىلىق مەمۇرىي، سوت، تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈپ، ئەدلىيە ئىشلىرىدا ئادىل بولۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش كېرەكلىكىنى خەۋەر قىلىش لازىم.

توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا، خەلق قۇرۇلتىيى ئاخبارات ـ تەشۋىقاتىدا يەنە ساۋات خاراكتېرلىك، قىزىقارلىق بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ ئوقۇرمەنلەرنى قىزىقىپ ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. ئاسان چۈشەنگىلى بولمايدىغان قانۇن تىلىنى خەلق تىلىغا ئايلاندۇرۇپ، بەزى جىددىي مەسىلىلەرنى ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك تېمىلار ئارقىلىق ئىپادىلەپ، ئوقۇرمەنلەرگە زوق ۋە ئىلھام بېرىش لازىم.

**3. پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ژۇرنال تىراژىنى ئاشۇرۇش لازىم**

ژۇرنالنى ھەر قانچە ياخشى چىقارغان بىلەنمۇ، تىراژى كۆپ بولمىسا، رولىنى جارى قىلدۇرۇش قىيىن. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى كومىتېتلىرى شۇنداقلا يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتلىرى تارقىتىش خىزمىتىنى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىشنى كۈچەيتىش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ تۇتۇپ، تىراژنى كۆپەيتىشنى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئىدىيىسىنى كەڭ تەشۋىق قىلىش دەپ بىلىش لازىم.

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى چىقىرىدىغان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى خەلق قۇرۇلتىيى سىستېمىسىدا مەملىكەت بويىچە ئاشكارا تارقىتىلىدىغان ژۇرناللارنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى سىستېمىلىرىنىڭ ئالاقىسىنى كۈچەيتىپ، ئۆز ئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇپ ئورتاق ئالغا ئىلگىرىلەشتىكى مۇھىم كۆۋرۈك. جايلار چوقۇم تولۇپ تاشقان سىياسىي قىزغىنلىق، يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن بۇ ئىشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، تارقىتىش خىزمىتىنى بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ياخشى ئىشلىشى لازىم. نۆۋەتتە، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى تارقىتىش خىزمىتىدە يەنىلا نۇرغۇن مەسىلىلەر بار، بەلگىلىمە بويىچە ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ژۇرنالغا مۇشتەرى بولمىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە، ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، ئالىي مەكتەپلەر، پەن تەتقىقاتى ئورۇنلىرىدا مۇشتەرى بولغانلار ناھايىتى ئاز، ئىدارە ۋە شەخسلەردىن مۇشتەرى بولغانلار يوق دېيەرلىك. بۇ «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇش يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىش لازىملىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، رەھبەرلەر ئەھمىيەت بېرىشى، خادىملار ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى، تەدبىرلەر ئاقىدىغان بولۇشى، خىزمەتلەر پۇختا بولۇشى لازىم. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى كومىتېتلىرى، يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتلىرىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى بۇ خىزمەتكە مەسئۇل بولۇشى ھەمدە تارقىتىش خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان مەخسۇس خادىم قويۇشى كېرەك. شۇ ئارقىلىق ژۇرنال تىراژىنى بۇ يىلقى ئاساستا ئاشۇرۇشقا بولىدۇكى كېمەيتىشكە بولمايدۇ. جايلار «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ تەشۋىقات پىكىر يولى بىلەن خەۋەر ئالاھىدىلىكىنى ئومۇميۈزلۈك تەشۋىق قىلىپ، تارقىتىش دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، مۇدىر ھامىدىن نىياز ئوتتۇرىغا قويغان شىنجاڭدىكى 60 مىڭدىن ئارتۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىنىڭ قولىدا «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىدىن بىر نۇسخىدىن بولۇش نىشانىنى تېزدىن ئىشقا ئاشۇرۇش شۇنداقلا باشقا سىستېما، ساھەلەردە تارقىتىش دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، كېلەر يىللىق تارقىتىش خىزمىتىدە يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىش لازىم.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش نىزامى

2001 - يىل 7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 23 - يىغىنىدا ماقۇللاندى

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئېلانى**

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش نىزامى» 2001 - يىل 7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 23 - يىغىنىدا ماقۇللاندى. ھازىر ئېلان قىلىندۇق، ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى

2001 - يىل 7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى

## 1 - باب ئومۇمىي پرىنسىپ

1 - ماددا بۇ نىزام پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئاممىنىڭ پەن، مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، دۆلەتنى پەن، مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشكە، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش مەقسىتىدە، ئاساسىي قانۇن ۋە ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

2 - ماددا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەمۇرىي تەۋەسىدىكى دۆلەت ئورگانلىرى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، باشقا تەشكىلاتلار ۋە پۇقرالارنىڭ پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتىدە بۇ نىزام تەتبىقلىنىدۇ.

بۇ نىزامدا ئېيتىلغان پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش (تۆۋەندە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش دېيىلىدۇ) ئامما ئاسان چۈشىنىدىغان ۋە قوبۇل قىلالايدىغان ئۇسۇلنى قوللىنىپ، ئۇلارغا ئىلمىي ئىدىيىنى سىڭدۈرۈش، پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئىلمىي ئۇسۇلنى تەشەببۇس قىلىش ۋە ئىلىم - پەن روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇش پائالىيىتىنى كۆرسىتىدۇ.

3 - ماددا پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئېھتىياجىغا، ئاممىنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن بولۇشى، ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىلىشى كېرەك.

ئىلىم - پەن پرىنسىپىغا ۋە ئىلىم - پەن روھىغا خىلاپ ياكى ئىلمىي يەكۈن چىقىرىلمىغان تەشەببۇس ۋە پىكىرلەرنى پەننىي بىلىم سۈپىتىدە تارقىتىشقا ۋە كېڭەيتىشكە بولمايدۇ.

ئىلىم - پەن نامى بىلەن فېئودال خۇراپىي، ئىلىم - پەنگە قارشى پائالىيەت، ساختا پەن پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش مەنئى قىلىنىدۇ؛ ئىلىم - پەن نامى بىلەن ساغلام بولمىغان تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە جامائەت مەنپەئەتىگە زىيانلىق باشقا مەزمۇنلارنى تارقىتىش مەنئى قىلىنىدۇ.

4 - ماددا پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ

ئوبيېكتى بارلىق پۇقرالار، مۇھىم نۇقتىسى ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر، دېھقان، چارۋىچىلار ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرى كادىرلار.

قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ۋەسىيلىرىنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە يەنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى بېرىش مەجبۇرىيىتى بار.

5 ـ ماددا ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى يەنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، يەنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى شۇ مەمۇرىي رايوننىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات يىرىك پىلانىغا كىرگۈزۈپ، يەنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە شارائىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

## 2 ـ باب تەشكىللەش ۋە باشقۇرۇش

6 ـ ماددا ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ يەن ـ تېخنىكا مەمۇرىي تارمىقى شۇ مەمۇرىي رايوننىڭ يەنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ يەنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ تەرەققىيات يىرىك پىلانى ۋە پىلانىنى تۈزىدۇ، خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ، ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ ۋە تەكشۈرىدۇ، يەنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىگە سىياسەت جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىدۇ، ماسلاشتۇرۇش ۋە مۇلازىمەتنى ئوبدان قىلىدۇ.

7 ـ ماددا ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى يەن ـ تېخنىكا مەمۇرىي تارمىقى شۇنىڭدەك باشقا ئالاقىدار تارماقلار ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار قاتناشقان يەنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى بىرلەشمە يىغىنى تۈزۈمىنى ئورنىتىدۇ. يەنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى بىرلەشمە يىغىنى شۇ مەمۇرىي رايوننىڭ يەنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ تەرەققىيات يىرىك پىلانى ۋە پىلانىنى قاراپ چىقىدۇ ھەمدە خىزمەتلەرنى بىر تۇتاش پىلانلايدۇ ۋە ماسلاشتۇرىدۇ.

8 ـ ماددا ھەر دەرىجىلىك يەن ـ تېخنىكا جەمئىيەتلىرى يەنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى ئاساسىي قوشۇنلۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئالاقىدار سىياسەت، ئومۇمىي پىلان ۋە خىزمەت پىلانىنى تۈزۈشكە قاتنىشىشى؛ ئىجتىمائىي، ئاممىۋى يەنى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتىنى تەشكىللىشى؛ ئۆزىگە قاراشلىق تەشكىلاتلار ۋە كەسپىي تېخنىكا تەتقىقات جەمئىيەتلىرىنىڭ يەنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىگە بولغان تەشكىلىي باشقۇرۇش ۋە پائالىيەت يېتەكچىلىكىنى كۈچەيتىشى كېرەك.

9 ـ ماددا ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تارماقلىرى، يەنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى بىرلەشمە يىغىنى تەركىبىدىكى ئورۇنلار ئۆز تارمىقىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، شۇ تارماقنىڭ يەنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمەت پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشى ھەمدە يولغا قويۇشى كېرەك.

10 ـ ماددا يېزىلىق، بازارلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئۆزىگە قاراشلىق رايونلاردا يەنى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشى كېرەك.

كوچا ئىش باشقارمىسى ئۆز تەۋەسىدىكى مەھەللىلەرنىڭ يەنى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتىنى قوللىشى ۋە ماسلاشتۇرۇشى كېرەك.

11 ـ ماددا ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق خەلق تەشكىلاتلىرى ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلارنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئالاقىدار تارماقلارغا پائال ماسلىشىپ، ھەر خىل شەكىلدىكى يەنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات، تەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش لازىم.

## 3 ـ باب ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت

12 ـ ماددا يەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى. جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھەلەر يەنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىگە پائال قاتنىشىشى ۋە مەدەت بېرىشى كېرەك. بارلىق پۇقرالار يەنى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتىگە قاتنىشىشى، يەنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى ئېلىشى لازىم.

2
0
0
1

10

13 ـ ماددا دۆلەت خادىملىرى، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار زامانىۋى پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى، ئىلمىي ئىدىيە ۋە ئىلمىي ئۇسۇلنى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىش، پەن ـ تېخنىكا ئېڭى ۋە ئىلمىي تەدبىر بەلگىلەش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى، ئىلىم ـ پەنگە قارشى پائالىيەت، ساختا پەن پائالىيىتى، فېئودال خۇراپىي پائالىيەتنى ئاڭلىق توسۇشى كېرەك.

پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسىنى دۆلەت خادىملىرى، كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى داۋاملىق تەربىيىلەش مەزمۇنىغا كىرگۈزۈش كېرەك. پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ كادىر تەربىيىلەش ئاپپاراتلىرى تەربىيىلەش ئوبيېكتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، زامانىۋى پەن ـ تېخنىكا ئاساس بىلىملىرى دەرسى تەسىس قىلىشى ياكى مەخسۇس لېكسىيە ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك.

14 ـ ماددا مەكتەپلەر پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسىنى ئوقۇش پىلانىغا كىرگۈزۈپ، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنى پەن ـ تېخنىكا كۆرگەزمىسى كۆرۈش، پەن ـ تېخنىكا كەشپىياتى، پەن ـ تېخنىكا ئىجادىيىتىگە قاتنىشىش، پەن ـ تېخنىكا ئىلمىي ماقالىسى يېزىش ۋە پەن ـ تېخنىكا ئېكسكۇرسىيىسى قىلىش قاتارلىق پەننى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيەتلىرىگە تەشكىللىشى لازىم.

پەن ـ تېخنىكا سارىيى، ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر سارىيى، ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر پەن ـ تېخنىكا پائالىيەت مەركىزى ۋە باشقا پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيە سورۇنلىرى ئوقۇغۇچىلارغا ئالدىن، ئېتىبار بىلەن ياكى ھەقسىز ئېچىۋېتىلىشى كېرەك.

ئالاقىدار ئورۇنلار ۋە باشقا ئىجتىمائىي كۈچلەر نامرات جايلاردىكى مەكتەپلەر ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشىغا مەدەت بېرىشى لازىم.

15 ـ ماددا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئاپپاراتلىرى، كەسپىي تېخنىكا جەمئىيەتلىرى، يېزا ئىگىلىك ئالىي مەكتىپى ۋە تېخنىكومىلىرى، پەن تەتقىقاتى ئاپپاراتلىرى تەشۋىقات ـ مەسلىھەت بېرىش، تەربىيىلەش، سىناق قىلىپ ئۈلگە كۆرستىش، تېخنىكا جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىش، ئۇچۇر مۇلازىمىتى قىلىش ۋە پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى يېزىلارغا بېرىپ ھۆددىگە ئېلىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق، دېھقان، چارۋىچىلارغا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئىلغار، ئەمەلىي دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇنۇمۇرسال ئۇنۇمىنى ۋە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن مۇلازىمەتلىك قىلىشى كېرەك.

16 ـ ماددا كارخانىلارغا تېخنىكا ئۆزگەرتىش، يېڭى مەھسۇلات يارىتىشقا بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى تېخنىكا، يېڭى ھۈنەرنى كېڭەيتىشى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى كەسپىي ماھارەت تەربىيىسى، تېخنىكا مۇسابىقىسى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللەپ، پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشى، ئىشلەپچىقىرىش ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك.

17 ـ ماددا شەھەر مەھەللىلىرىدە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشتا، مەھەللە ئاھالىسىنىڭ تۇرمۇش ۋە خىزمەت ئېھتىياجىغا بىرلەشتۈرۈپ، مەھەللىنىڭ پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىختىساس ئىگىلىرى ۋە ئەسلىھەلىرىدىن پايدىلىنىپ، پاراۋانلىق خاراكتېرىدىكى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات سەھىپىسى ئېچىپ، ھەر خىل شەكىلدىكى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، مەھەللە ئاھالىسىنى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇش لازىم.

مەھەللە تەۋەسىدىكى ئورۇنلار مەھەللىنىڭ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىشى ۋە مەدەت بېرىشى كېرەك.

18 ـ ماددا گېزىت، ژۇرنال، رادىئو ئىستانسىسى ۋە تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات بېتى، مەخسۇس سەھىپىسى ۋە مەخسۇس پروگرامما تەسىس قىلىشى؛ كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىشلىگۈچى، تارقاتقۇچى ۋە قويغۇچى ئورۇنلار پەننى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر كىنو ـ تېلېۋىزىيە فىلىمىنى ئىشلەش، تارقىتىش، قويۇشنى كۈچەيتىشى؛ نەشرىيات ئورۇنلىرى پەننى ئومۇملاشتۇ-

2001

روش ئۇقۇشلۇقىنى نەشر قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىشى لازىم.

يېزا ـ بازار، كەنت مەدەنىيەت پونكىتى، رادىئو ئۇزېلى دېھقان، چارۋىچىلارغا ئىلمىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تەشۋىق قىلىشى كېرەك.

19 ـ ماددا مۇزېي، كۇتۇپخانا، مەدەنىيەت يۇرتى (سارىيى) قاتارلىق جامائەت پاراۋانلىقى خاراكتېرىدىكى كەسپىي ئورۇنلار كەسپىي خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشى لازىم.

ھەر خىل پەن ـ تېخنىكا سارايلىرى دائىملىق، ئىجتىمائىيلاشقان پەننى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرىدىغان مۇھىم بازا بولۇپ، ئۇنىڭ سورۇن ۋە ئەسلىھەلىرىنى ئىگىلىۋېلىشقا ياكى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن باشقا ئىشلىتىۋېلىشقا بولمايدۇ.

20 ـ ماددا ھەر خىل مائارىپ، پەن تەتقىقاتى ئورۇنلىرى مائارىپچىلار، پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنىڭ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتىگە قاتنىشىشىغا مەدەت بېرىشى ۋە تەشكىللاتچىلىق قىلىشى كېرەك.

بەلگىلىمە بويىچە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقاتى مەقسىتىدە ئاممىغا ئېچىۋېتىشكە بولىدىغان پەن تەتقىقاتى بازىلىرى، تەجرىبىخانىلار، پەن تەتقىقاتى ئاپپاراتلىرىنى جەمئىيەتكە تەشكىللىك، قەرەللىك ئېچىۋېتىش كېرەك.

## 4 ـ باب كاپالەت تەدبىرى

21 ـ ماددا ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىراجىتىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك مالىيە تارماقلىرى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشىنى سېلىنما جەھەتتىن كۆپرەك قوللىشى، قەتئىي تۇردە ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن ئۆلچەم بويىچە، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىراجىتىنى ھەر دەرىجىلىك مالىيە خام چوتىغا كىرگۈزۈپ، مەخسۇس خىراجەتنى جايىغا ئىشلىتىشى ھەمدە خەلق ئىگىلىكى، ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە مالىيە كىرىمىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنى پەيدىنپەي كۆپەيتىشى لازىم.

چەت ـ ياقا، نامرات جايلارغا پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىراجىتى ئاجرىتىشتا ئېتىبار بېرىشى لازىم.

22 ـ ماددا پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تۈرىدىكى كىتاب، گېزىت، ژۇرنال ۋە ئۈن ـ سىن بۇيۇملىرى، ئېلېكترونلۇق نەشر بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنى ئىشلەش، نەشر قىلىش ۋە تارقىتىش دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە ئېتىبار سىياسەتتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئۇنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى ئاز سانلىق مىللەت تىل ـ يېزىقىدىكى پەننى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر گېزىت، ژۇرنال، كىتاب، كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرىنى ئىشلەش، نەشر قىلىش ۋە تارقىتىش خىزمىتىنى كۈچەيتىشى ھەمدە نۇقتىلىق قوللىشى، ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىغا زۆرۈر بولغان پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئەسەرلىرىنى تۈزۈش، تەرجىمە قىلىش، نەشر قىلىش ۋە تارقىتىشنى ۋاقتىدا تەشكىللىشى ھەمدە خىراجەت ياردىمى بېرىشى لازىم.

23 ـ ماددا ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ شەھەر ـ بازار قۇرۇلۇشى پىلانىغا كىرگۈزۈپ، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئەسلىھەلىرىنىڭ قۇرۇلۇش مەبلىغىگە كاپالەتلىك قىلىشى، پەن ـ تېخنىكا سارىيى، مۇزېي، ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر پائالىيەت مەركىزى، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش رەسىم كارىدورى قاتارلىق پەننى ئومۇملاشتۇرۇش سورۇنلىرى ۋە ئەسلىھەلىرىنى قۇرۇپ چىقىشى ۋە ئۇلاردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىشى لازىم.

24 ـ ماددا ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى تەشكىلات ۋە شەخسلەرنىڭ پۇل ئىئانە قىلىپ ياكى مەبلەغ سېلىپ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئەسلىھەلىرىنى قۇرۇشىغا، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشىغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىدۇ؛ ئۇلارنىڭ پۇل ئىئانە قىلىپ ياكى مەبلەغ سېلىپ جامائەت پاراۋانلىقى خاراكتېرىدىكى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئەسلىھەلىرىنى قۇرۇشى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە ئېتىبار سىياسەتتىن

بەھرىمەن بولىدۇ.

ئالاقىدار تارماقلار، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار زۆرۈر خىراجەت ئاجرىتىپ، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىگە ئىشلىتىشى كېرەك.

25 ـ ماددا پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار مۇناسىپ سىستېما بويىچە كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانىنى باھالاشقا قاتنىشىدۇ، ئۇلارنىڭ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمەت نەتىجىسى، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئەسىرى ۋە بىۋاستە قاتناشقان، يېتەكچىلىك قىلغان پەننى ئومۇملاشتۇرۇش مۇسابىقە نەتىجىسى شۇنداقلا پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدە ئېرىشكەن مۇكاپاتى كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانىنى ئۆستۈرۈشنىڭ شەرتى قىلىنىدۇ.

## 5 ـ باب مۇكاپاتلاش ۋە جازا كۆرۈش

26 ـ ماددا ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئۇنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدە گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلەيدۇ ۋە مۇكاپاتلايدۇ.

27 ـ ماددا پەننى ئومۇملاشتۇرۇش نامى بىلەن فېئودال خۇراپىي، ئىلىم ـ پەنگە قارشى پائالىيەت، ساختا پەن پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرغان، جامائەت مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزگەنلەردىن ياكى پۇل ـ مال ئالداپ ئېلىۋالغانلاردىن قىلمىشى يېنىكرەكلىرىنى پەن ـ تېخنىكا مەمۇرىي تارمىقى قانۇنغا خىلاپ پائالىيىتىنى توختىتىشقا بۇيرۇيدۇ ياكى ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ، قوشۇمچە ئاگاھلاندۇرىدۇ، قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى، قانۇنسىز پۇل ـ مېلىنى مۇسادىرە قىلىدۇ؛ ئامانلىق باشقۇرۇشقا خىلاپلىق قىلغانلىرىنى ج خ ئورگىنى «ئامانلىق باشقۇرۇش بويىچە جازالاش نىزامى» بويىچە جازالايدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

28 ـ ماددا پەننى ئومۇملاشتۇرۇش سورۇنلىرى ۋە ئەسلىھەلىرىنى ئىگىلىۋالغان، ئىشلىتىش ئورنىنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئۆزگەرتىۋەتكەنلەرنى يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارماق تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولسا، بىۋاستە جاۋابكارلارغا مەمۇرىي جازا كۆرىدۇ.


29 ـ ماددا پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىراجىتىنى ئىشلىتىۋالغان، قىسىۋالغان، تۇتۇپ قالغانلارنى يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارماق سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ ھەمدە بىۋاستە جاۋابكارلارغا مەمۇرىي جازا كۆرىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

30 ـ ماددا بۇ نىزامغا خىلاپ باشقا قىلمىشلارنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ پەن ـ تېخنىكا مەمۇرىي تارمىقى نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈشكە ھەمدە يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارماق ياكى خىزمەت ئورنىغا بىر تەرەپ قىلىش پىكرىنى قويۇشقا ھوقۇقلۇق، يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارماق ۋە ئورۇن ئۇنى بىر تەرەپ قىلىشى لازىم.

## 6 ـ باب قوشۇمچە پرىنسىپ

31 ـ ماددا بۇ نىزام ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

(تەرجىمىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى قانۇن، نىزاملارنىڭ تەرجىمىسىنى بېكىتىش گۇرۇپپىسى بېكىتتى.)





# مۇھىت ئاسراش بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت توغرىسىدا



ئابباس ئاۋۇت

مۇھىت ئىنسانلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان، ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان تۈرلۈك تەبىئىي كۈچنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولۇپ، ھازىر مۇھىتتىن ئىبارەت بۇ ئۇقۇمغا قىزىقمايدىغان، تەتقىق قىلىپ مەبلەغ سالمايدىغان خەلقئارادىكى تەشكىلاتلار، دۆلەتلەر بولمىسا كېرەك. ھەممەيلەن يەر شارى دۇچ كېلىۋاتقان زور خەۋپنىڭ مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىدىن بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى، شۇڭلاشقا بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتلار چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ ھەر قايسى دۆلەتلەر ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەبلەغ سېلىپ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە مۇھىت ئورۇنلىرىنى قۇرۇپ چىقىشماقتا. نۆۋەتتە يەر شارى مىقياسىدا مۇھىت ئاسراش ۋە بايلىق مەنبەلىرىنى قوغداش تەخىرسىز ئىشقا ئايلانماقتا. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، مۇھىت ئاسراشقا ئائىت تەتقىقاتنى توختاتماي كەلدى. بۇ جەھەتتە گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار قانۇن، بەلگىلىمە، سىياسەتلىرى ئىچىدە مۇھىتقا مۇناسىۋەتلىك بولغانلىرىدىن سۇ قانۇنى، ئورمان قانۇنى، يايلاق قانۇنى، يەر باشقۇرۇش قانۇنى، مۇھىت ئاسراش قانۇنى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىر قانچە نىزاملىرى تۈزۈلۈپ ئېلان قىلىنغانلىقى بۇنىڭ مىسالىدۇر.

مۇھىت ئاسراش—بايلىق مەنبەلىرىنى قوغداش جەھەتتىكى ئىزدىنىش يالغۇز قانۇن چىقىرىش ئارقىلىقلا مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەت ۋە كىشىلەرنىڭ ئاڭلىق ھالدا ھەرىكەتكە كېلىشىگە (بەزى گۈزەل مۇھىت يارىتىش ۋە مۇھىت ئاسراش ئاڭلىقلىقىنى يېتىلدۈرۈشكە) باغلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

مۇھىت ئاسراش ۋە بايلىق مەنبەلىرىنى قوغداش — ئىنسانلار تايىنىپ ياشايدىغان مۇھىتنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن تەبىئىي بايلىق مەنبەلىرىنى مۇۋاپىق ئېچىپ پايدىلىنىش، بۇلغىنىش ۋە باشقا ئاپەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىنسانلارنىڭ ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ھەمدە بۇلارنى ئۇزاق مۇددەت تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئاڭلىق پائالىيەت بولۇپ، تەبىئىي بايلىق مەنبەسى—كىشىلەر يارىتالايدىغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ كېلىش مەنبەسىدىكى تەبىئىي ئامىل ھەمدە تەبىئىي مۇھىتنىڭ تەركىبىي قىسمى. تەبىئىي بايلىق مەنبەسى لايىقىدا قوغدالسا تەبىئىي مۇھىت بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمايدۇ، تەبىئىي بايلىق مەنبەسىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتساق تەبىئىي مۇھىت زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ ئۇنىڭ كەلتۈرىدىغان زىيىنى ئېغىر بولىدۇ.

مۇھىتتىن بولغان زىيان—بۇلغىنىشنىڭ سالامەتلىككە كەلتۈرگەن زىيىنى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ كېمىيىشى، سۈيىتىنىڭ تۆۋەنلىشى، تەبىئىي بايلىق (سۇ، تۇپراق، ئورمان ـ يايلاق) لارنىڭ بۇزۇلۇشى، سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كەلتۈرگەن بۇلغىنىشنىڭ زىيىنى (ھازىرقى زامان خىمىيىۋى قوراللىرى، يادرو قوراللىرىنىڭ بۇلغىنىشىدىن كېلىپ چىققان زىيان) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ھازىرقى ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى خەلق ئىگىلىكى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئارقىلىق ئۆلچەيدۇ. بىراق ئۇنىڭدا خەلقنىڭ ساپاسىنى، سالامەتلىك بىلەن تۇرمۇش مۇھىتنىڭ ياخشىلىنىشىنى، ئورمانلارنىڭ، تۇپراقنىڭ، كان بايلىقلىرىنىڭ ۋەيران بولغانلىقىنى ئەكس قىلالمايدۇ. ئەنە شۇنداق ئىكەن، بىز مۇھىتتىن بولغان زىيان بىلەن تەرەققىيات مۇناسىۋىتىنى ئانالىز قىلىپ مۇھىتمۇ بۇلغانمايدىغان، ئىقتىسادىي تەرەققىيات يۈكسىلىشى تېز بولىدىغان ماس مۇناسىۋەتنى يارىتىشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرقى زامان پەنلىرىدىن ئېكو-

2001

14

لوگىيىلىك ئىقتىسادشۇناسلىق پېنىگە تايىنىپ ئانالىز قىلىش ئارقىلىق پىلان تۈزۈش قەتئىي تەخىرسىز ئىش بولۇپ تۇرماقتا. ئېكولوگىيىلىك ئىقتىسادشۇناسلىق — ئېكولوگىيە ۋە ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئۇ تەبىئىي مۇھىت بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ. ئېكولوگىيىلىك ئىقتىسادشۇناسلىق پېنى ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش جەريانىدا تەبىئەتتىكى جانلىقلار بىلەن ئۇلار ياشايدىغان مۇھىت ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن تەبىئىي ئاپەتلەر يۈز بېرىدىغانلىقىنى، ئىنسانلار، ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن ئېكولوگىيە ۋە تەبىئىي مۇھىت، ئېكولوگىيىلىك سىستېما ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ھەقىقىي تونۇتۇپ شۇنداقلا ئېكولوگىيە ئىلمى بىلەن ئىقتىساد ئىلمى قوشۇلۇشى نەتىجىسىدە ئېكولوگىيىلىك ئىقتىسادشۇناسلىق پېنى بارلىققا كەلدى.

ئېكولوگىيىلىك قانۇنىيەتلەر بىلەن ئىقتىسادىي قانۇنىيەتلەر بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىدۇ، بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ. ئېكولوگىيىلىك ئىقتىسادشۇناسلىق كىشىلەرگە دۇنيادا مۇھىتتىن، ئېكولوگىيىلىك قانۇنىيەتلەردىن چەتنەپ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئېلىپ بارغىلى بولمايدىغانلىقىنى تونۇتتى، بۇ كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ مۇھىتىنى قوغداش بىلەن بىرگە ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يېتەكلەيدۇ ھەمدە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەبىئىي بايلىق مەنبەلىرىنى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغدىغان ئاساستا ئېچىپ پايدىلىنىش، يەنى تەبىئىي بايلىق مەنبەلىرىنى، مۇھىتنى بۇلغاش بەدىلىگە ئېچىپ ياراتقان ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىشنى ئىلمىي، توغرا يەكۈن بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

بىز ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالىدا ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم مەسىلىلەرنى كۆرۈپ باقايلى:

1. 1988 ـ يىلىدىن 1996 ـ يىلىغىچە ئېچىلغان بوز يەر 6 مىليون 337 مىڭ مو بولۇپ 70% ى قانۇنلۇق ئەستىقلانغان. 1996 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە يىلىغا نەچچە يۈز مىڭ مودىن ئاشىدىغان سۈرئەت بىلەن بوز يەر ئېچىش داۋاملىشىۋاتىدۇ.

2. ئاپتونوم رايونىمىز ھەر يىلى 350 كۋادرات كىلومېتىرلىق سۈرئەت بىلەن قۇملىشىۋاتىدۇ. 120 مىليون مو يايلاق ئېغىر دەرىجىدە چېكىنىپ كەتتى.

3. كەلكۈن ئېلىپ كەتكەن سۇ، تۇپراق تېخىمۇ كۆپ بولۇپ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 40 يىل مابەينىدە شىنجاڭدا 137 قېتىم كەلكۈن ئاپىتى يۈز بېرىپ 1 مىليون 110 مىڭ مو سۈپەتلىك يەر ئېقىپ كەتكەن.

4. شورلىشىش ۋە چۆللىشىش ئەۋج ئالغان بولۇپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۈچتىن بىر قىسىم يەرلىرى شورلىنىش ھالىتىدە تۇرماقتا. ئۇ ئومۇمىي يەرنىڭ 47.68% نى ئىگىلەيدۇ. شورلاشقان يەرلەرنى كۆرۈپ باقايلى:

خوتەندە شورلاشقان يەر (تېرىلغۇ يەر) ئومۇمىي تېرىلغۇ يەرنىڭ 35% نى، زەرەپشان دەرياسى ۋادىسىدا شورلاشقان يەر ئومۇمىي تېرىلغۇ يەرنىڭ 40% نى، قەشقەر دەريا ۋادىسىدا 67% نى، قىزىلسۇ ئوبلاستىدا 70% نى ئىگىلەيدۇ، ئاقسۇ ۋىلايىتىدە شورلىنىش سەۋەبىدىن تاشلىۋېتىلگەن يەر 1 مىليون 380 مىڭ موغا يېتىدىكەن. تارىم دەريا ۋادىسىدىكى بوز يەر ئاچقۇچىلار يەرلىك ئورۇنلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئەستىقلاپ بېرىشى بىلەن چوڭ ـ كىچىك ئېقىن 302 دىن، سۇ چىقىرىش ماشىنىسى 400 دىن ئاشقان. 1996 ـ يىلى 3 ئاي ئىچىدە 6 چوڭ توسما ياسالغان، نەتىجىدە يەرلەر تاشلىنىپ قالغان، شورلاشقان. قىسقىسى، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ھەر يىلى دۆلەت ئىلكىدىكى يەر مۈلكىنىڭ ئېقىپ كېتىۋاتقان قىممىتى 100 نەچچە مىليون يۈەنگە يېتىدۇ. قۇم ـ بوران كەلتۈرۈپ چىقارغان بىۋاسىتە زىيان 2 مىليارد 500 مىليون يۈەندىن ئاشىدۇ، ھەر يىلى 7 مىليون مو تېرىلغۇ يەر سۇ ئاپىتىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ، دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىشقا بولىدۇ. يېزا ـ قىشلاقلىرىمىزدىكى ئەھۋاللارنى يىغىنچاقلاپ كۆرەيلى:

1. قۇدۇق سۈيىنى ئېچىش، پايدىلىنىش سالمىقى كېڭەيتىلىپ تەبىئىي بۇلاق سۇلىرى ئازلىدى ياكى تۈپتىن يوقاپ، ئەتراپتىكى مۇھىت تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلدى. يەرلەر شورلىنىشقا باشلىدى. ئامبار سۇلىرىمۇ يوقاپ كەتتى. ئەسلىدە قۇدۇق قازمىسىمۇ 3 ـ 4 كەنتنى سۇغۇرالايدىغان ئەنە شۇنداق بۇلاق سۇلىرىنى قوغداپ قالماستىن مەبلەغ سېلىپ قۇدۇق كولىتىپ، يەنە سۇ تارتىش ئۈچۈن توك

بۇلى تۈلەپ، تەبىئىي سۇ، مۇھىت بايلىقىمىزدىن ئايرىلىپ قالغاندىن باشقا، ئەتراپتىكى مۇھىت بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش ھەمدە سۇ راسخوتىنىڭ ئۇسۇپ كېتىشىدەك ئەھۋال كېلىپ چىقتى.

2. سۇ سىڭمەس ئۆستەڭنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى كېڭەيتىلىشى نەتىجىسىدە ئىقتىسادىي جەھەتتە مەبلەغ سېلىش كۆپ، پايدىسى ئاز، مۇھىتقا بولغان زىيانلىق تەسىرىنى ھېسابلاشماي ئىش قىلىش ساقلانماقتا. بۇنىڭدا بىر كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭگە كەتكەن چىقىم (دېھقانلارنىڭ يىغىش، قۇرۇلۇش تەننەرخىنى يۇقىرى قىلىش ياكى ماغدۇرىغا باقماي كۆپ قىلىش) بىلەن بۇ سۇ سىڭمەس ئۆستەڭلەرنىڭ شۇ دائىرىدىكى سىڭىپ كەتكەن سۇ چىقىمى ئوتتۇرىسىدىكى پايدا ـ زىيان مۇناسىۋىتى تەھلىل قىلىنماي قارىغۇلارچە ئىش كۆرگەنلىك ئەھۋالى مەۋجۇت بولۇپ بۇ سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ بويىدىكى تېرەكلەر، دەل ـ دەرەخلەر، ئورمان بەلبېغى سۇسىزلىنىشقا باشلاپ، سۇلغۇن يوپۇرماق، تورگۇن بولغان يوغىنىماس ئورمانغا ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. بۇمۇ ئۆستەڭ ئەتراپى مۇھىتىنى بۇزغانلىق، يېشىللىقنى قوغدىمىغانلىق بولىدۇ. ئەسلىدە سۇ سىڭمەس ئۆستەڭلەرنى قومىسمان، چۆل ـ جەزىرىلەردە، دەل ـ دەرەخ يوق چوڭ ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردە قۇرسا بىرئاز ياخشى بولاتتى.

3. بىنەم يەرلەرنى كۆپلەپ ئېچىش ئۇزاق مۇددەتلىك پىلان بويىچە ئېلىپ بېرىلماي ئۆز ئالدىغا ئېلىپ بېرىلغانلىقتىن سازلىق، شورلۇق يەرلەردىكى بۇلاق كۆزى ئېتىلىپ قېلىپ، يەر ئاستى سۇ مەنبەلىرى يوقاپ، تەبىئىي كۆللەر قۇرۇپ كەتتى. كۆل ئەتراپى مۇھىتىمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. بىنەمنى كۆپلەپ ئېچىش سۇ جەددىيچىلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقارغاچقا، ھەر قايسى جايلارنىڭ ئۆزگىچە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىش شارائىتى چەكلىمىگە ئۇچراپ تەرەققىياتقا مەلۇم توسالغۇ بولماقتا. بۇ ئۆز تەبىئىي جۇغراپىيىلىك بايلىق ئۈستۈنلۈكىگە تايىنىپ بېيىش قەدىمىنى تېزلىتىش شوئارىغا مۇخالىپ ئىش ئەمەسمۇ؟

4. تۇپراق ئالاھىدىلىكىنى تەھلىل قىلىپ يەرلەرنى دەرىجىگە ئايرىپ زىرائەت تېرىشنى بەلگىلەش، يەرنىڭ تەركىبىدىكى ھەر خىل ئېلېمېنتلارنىڭ تولۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئاساسىدىكى تېرىقچىلىقنى ئېلىپ بارماستىن كېۋەز شوئارىنى توۋلاپ ئىقتىسادىي جەھەتتە پايدا ـ زىيان بىلەن ھېسابلاشماي ئاقىۋەتتە مەبلەغنى قايتۇرۇۋالالماسلىق، يىلدىن ـ يىلغا كېيىنگە كېتىشتەك ئەھۋال ساقلانماقتا. بۇ ماھىيەتتە تۇپراقنىڭ ئېقىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ تۇپراق تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزىدىغان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ.

5. ھەر خىل تۇپراق ئالاھىدىلىكى، مۇھىت ئالاھىدىلىكى پەسىل، زىرائەت تۈرىگە ماس كەلمەيدىغان (زىيانلىق تەرەپ كۆپ)، سىناق قىلمايلا كىرگۈزۈلگەن خىمىيىۋى دورىلارنىڭ تەسىرىدە زىرائەتلەرنىڭ ئۇسۇپ يېتىلىشىدە ئىلگىرى ـ كېيىنلىك بولۇشى، پايدىسىدىن سالغان دورا مەبلىغى ئېشىپ كېتىش، پايدىلىق مۇھىت ئامىللىرىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشى (پايدىلىق ھاشارات، پايدىلىق ئۇسۇملۇك)، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى سەۋەبىدىن ئادەم، ھايۋان، قۇشلارنىڭ ساغلاملىقىغا تەسىر يېتىش ئەھۋالى ساقلانماقتا. بۇ مەسىلىلەرگە نىسبەتەن سۇ تارماقلىرى، ئىقتىسادىي تارماقلار، يېزا ئىگىلىك تارماقلىرى، مۇھىت تارماقلىرى ھازىرقى بىلەن كەلگۈسى، ئۆتمۈش بىلەن ھازىرقى ئىقتىساد، مۇھىت ۋە تەرەققىيات ئوتتۇرىسىدىكى ئالغا باسقان تەرەپلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، بولۇۋاتقان زىيان ۋە كەلگۈسى زىياننى ھەقىقىي مۆلچەرلەپ ئىش كۆرۈشكە تېگىشلىك. مۆلچەرلەشتە ئېكولوگىيىلىك ئىقتىسادشۇناسلىق ئىلمىگە ئاساسلىنىش ئاساسىدا كەلگۈسى گۈزەل مۇھىت يارىتىش يولىدا ئىزدىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

نۆۋەتتە غەربىي رايوننى ئېچىش سىياستى چەت، يىراق، نامرات رايونلارنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تېپىلغۇسىز ياخشى پۇرسەت بولۇپ نامرات، چەت ـ يىراق جايلار ئۆزگىچە جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىككە، ئۈستۈن مۇھىت ئەۋزەللىككە ئىگە، يوشۇرۇن تەبىئىي بايلىقلىرى بار. ئەمما جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىككە تايىنىپ ئېكولوگىيىلىك ئىقتىسادقا سەل قاراپ مۇھىتنى بۇزۇش بەدىلىگە شۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكىگە زىيانلىق بولغان تەرەققىيات تۈرلىرىنى يولغا قويۇپ كۆز ئالدىدىكى 2 ـ 3 يىللىق تويۇق تەرەققىياتنى كۆزلەپ 10 ـ 20 يىلدىن كېيىنكى چېكىنىشنى ئويلىماسلىق رەھبەرلىرىمىز شۇنداقلا ھەر بىر ۋىجدان ئىگىسىنىڭ باش

2001

تارتسا بولمايدىغان مەجبۇرىيىتىدۇر. بىز بىرەر ئورۇندىكى مۇھىت گۈزەللىكىنى قىسمەن ھالدا يارىتالايمىزكى، ئومۇمىيۈزلۈك گۈزەل مۇھىتنى بەرپا قىلالمايمىز ياكى ئاز بەدەل تۆلەش كۇپايە قىلمايدۇ. دۇنيادا تا ھازىرغىچە بىرەر ئادەم ياكى چوڭ تەشكىلاتلار تەبىئىي گۈزەل مۇھىت، ئالاھىدە ئەۋزەللىككە ئىگە سىرلىق جايلارنى بەرپا قىلالىغان ئەمەس. ئۇلار پەقەت تەبىئىي ئەۋزەل مۇھىت ئۈستىگە ئىش قوشقان ياكى يېشىللىقنى قوغداش، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قارىشىنى تىكلەش ئارقىلىق بەرپا قىلغان. ئىنسانىيەت تارىخى ئەزەلدىن ئىسپاتلاپ كەلگەنكى، تەبىئەت بىلەن قارشىلىشىش دۇنيادا زور بىر قىسىم تالاپەتلىك ئاپەتلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىكى مۇھىم سەۋەب.

مۇھىت ئاسراش ئېلىمىزنىڭ تۈپ دۆلەت سىياستى. مۇھىت ۋە بايلىق مەنبەلىرىنى ئاسراش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئومۇمىي دائىرىگە ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىياتقا مۇناسىۋەتلىك بولغان زور سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھمىيەتكە ۋە خەلقئارالىق ئەھمىيەتكە ئىگە چوڭ ئىش شۇنداقلا ئۇ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئاساسىي مەسئۇلىيىتى ۋە مۇھىم ۋەزىپىسى. شۇڭا بىر تەرەپتىن مۇھىت ۋە بايلىق مەنبەلىرىنى قوغداشقا دائىر قانۇن چىقىرىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، كۆپ خىل شەكىلدىكى قانۇن نازارەتچىلىكىنى قانات يايدۇرۇپ، قانۇن ۋاستىسى ئارقىلىق مۇھىت ۋە بايلىق مەنبەلىرىنى قوغداش كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن تەڭ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ مۇھىت ۋە بايلىق مەنبەلىرىنى قوغداش توغرىسىدىكى خىزمەت دوكلاتىنى قەرەللىك ئاڭلاپ، ئۆز مەمۇرىي رايونلىرىدىكى مۇھىت ۋە بايلىق مەنبەلىرىنى قوغداش خىزمىتىدىكى چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى چۆرىدىگەن ھالدا نازارەتچىلىكنى قانات يايدۇرۇش، زۆرۈر تېپىلغاندا ۋەكىللەرنى ئالاھىدە مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈشكە تەشكىللەپ سۈرۈشتۈرۈش لازىم. بۇنىڭدا ئاساسلىقى مۇھىت ئاسراش قانۇنى ۋە ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش (ئامبار سۇلىرىنىڭ بۇلغىنىش ئەھۋالى، ئاتموسفېرا ئەھۋالى، دەريالارنىڭ ئېقىندىكى يېشىللىق ۋە مۇھىت ئەھۋالى قاتارلىقلارنى) خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك.

مۇھىت ئاسراشنى كۈچەيتىش، سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ سىياستى، كېيىنكى ئەۋلادلارغا بەخت يارىتىدىغان چوڭ ئىش. ھەر مىللەت پۇقرالىرىنىڭ مۇھىت ئاسراش خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈش، مۇھىتقا بولغان زىيانلىق قىلمىشلىرىنىڭ ھەرقانداقىنى توسۇپ كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزغا گۈزەل مۇھىت يارىتىش يولىدا تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشنى مۇراجىئەت قىلىدۇ. تەشۋىقات ۋە تەتبىقلاش جەھەتتىكى خىزمەت سالمىقىنى ئاشۇرۇپ كىم مۇھىتنى قوغدىسا شۇ ۋەتەنپەرۋەر، ئىنساپەرۋەر، كىم مۇھىتنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىدىكەن ئۇ مۇھىتنىڭ دۈشمىنى دېگەن قاراشنى سىڭدۈرۈپ ئۆز يۇرتى، ۋەتىنىنىڭ مۇھىتىنى قوغداش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلماي بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىدىغان مۇھىت دۈشمەنلىرىگە زەربە بېرىش كېرەك.


پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. «بۇ يەردە كېيىنكىلەرنىڭمۇ ھەققى بار» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى، 1999 ـ يىلى 10 ـ ئاي نەشرى

2. «شىنجاڭ گېزىتى» 2000 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئابلەت مۇھەممەدنىڭ «ئېكولوگىيىلىك ئىقتىسادشۇناسلىق» ناملىق ماقالىسى

3. «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ 1998 ـ يىل 5 ـ سانى«يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى دائىمىي كومىتېتلىرىدىكى خادىملار ئۈچۈن ئوقۇشلۇق» دېگەن ماقالىنىڭ 11 ـ 12 ـ بەتلىرى



(ئاپتور قاغىلىق ناھىيە شاخاپ يېزىلىق پارتكومدىن)


مەسئۇل مۇھەررىر: تاھىر مامۇت

# ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسى ۋە ئېلىمىزنىڭ يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى قۇرۇلۇشى

جياڭ دېخەي

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن خېلى ئۇزۇنغىچە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ۋە ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيە قۇرۇلۇشى ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلالمىدى. ئېلىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى 1954 ـ يىلى ئورنىتىلغان، ئەمما ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسى پەقەت 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندىلا ئاندىن ھەقىقىي يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسى تەرەققىي قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئېلىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى قۇرۇلۇشىدا ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسى زادى قانداق ئورۇندا تۇرۇۋاتىدۇ؟ ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسى تەرەققىياتىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى قۇرۇلۇشىغا بولغان ئەھمىيىتى نەدە دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىشىمىزغا توغرا كەلدى. روشەنكى، بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئېلىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى قۇرۇلۇشىدىلا ئەمەس، بەلكى دۆلىتىمىز ھازىر يولغا قويۇۋاتقان سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسى دۆلىتىمىز خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ مۇھىم ئاساسى

خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى، دۆلىتىمىزنىڭ خەلق دېموكراتىيىسىنى تۈزۈملەشتۈرۈش ۋە قانۇنلاشتۇرۇشنىڭ كونكرېت ئىپادىسى. لوگىكا جەھەتتىن ئېيتقاندا، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ سۈپىتى بىلەن خەلق دېموكراتىيىسىنىڭ تەرەققىياتى ئوڭ تاناسىپ. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى خەلق دېموكراتىيىسىنىڭ قانۇنلىشىشى بولغانىكەن، ئۇنداقتا خەلق دېموكراتىيىسىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ تۈپ مەقسىتى بولىدۇ. ئۇ ئىككى تۈپ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرى خەلق دېموكراتىيىسى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ تەرەققىياتى خەلق دېموكراتىيىسىنىڭ تەرەققىياتىغا، خەلق دېموكراتىيىسىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىگە باغلىق. مەسىلەن، 1953 ـ يىلدىكى سايلام قانۇنىدا بىۋاستە سايلام بىلەن ۋاستىلىك سايلامنى تەڭ قوللىنىش بېكىتىلگەن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئەينى ۋاقىتتا سايلام قانۇنى لايىھىسىگە ئىزاھات بەرگەندە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «بۇنى ئېلىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى جەمئىيەت ئەھۋالى، خېلى نۇرغۇن خەلقنىڭ سايلام تەجرىبىسىنىڭ كەمچىل بولۇشى ھەمدە ساۋاتسىزلارنىڭ كۆپ بولۇشىدەك ئەمەلىي شارائىت بەلگىلىگەن.» 1979 ـ يىلدىكى سايلام قانۇنىدا بىۋاستە سايلامنىڭ دائىرىسى ناھىيە دەرىجىلىككىچە كېڭەيتىلگەن بولۇپ، بۇ بىر قەدەر چوڭ ئىسلاھات ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچىسى، مۇكەممەل، ساغلام بولغان خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىمۇ خەلق دېموكراتىيىسىنى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى خەلق دېموكراتىيىسىنىڭ تەلىپى بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ كاپالىتى. بۇنداق كاپالەت خەلق دېموكراتىيىسىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپلا قالماي، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭمۇ خەلق دېموكراتىيىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولى بارلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. مەسىلەن، خەلق دېموكراتىيىسىگە زۆرۈر بولغان دېموكراتىك ئىقتىدار ۋە دېموكراتىك ساپا جەھەتتە، تەلىم ـ تەربىيىدىن باشقا، ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىنىڭ بىرى خەلق ئاممىسىنى خەلق دېموكراتىيىسى ئەمەلىيىتىگە باشلاپ كىرىش، يەنى، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق، خەلقنىڭ دۆلەتنى، جەمئىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشىنى

ئەڭ زور دەرىجىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشى جەريانىدا ئۇلارنىڭ دېموكراتىك ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ۋە دېموكراتىك ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت.

مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسى خەلق دېموكراتىيىسىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئىپادىسى. ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسى بولمىسا، باشقا دېموكراتىيىنى ھەقىقىي راۋاجلاندۇرۇش تەس. نېمە ئۈچۈن يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇش ھارپىسىدا پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىنى ئاچماي، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىنى ئاچىمىز؟ بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئاساسى بولغان يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ يىغىنىنى قەرەلىدە ئېچىشقا مۇمكىن بولمىغانلىقىدا. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلق ئاممىسى تېخى تولۇق تەشكىللەنمىگەن، خەلق ھاكىمىيىتى مۇستەھكەملىنىشكە توغرا كېلىۋاتقان، خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىنى ئېچىش شارائىتى تېخى پىشىپ يېتىلمىگەنىدى.

ئۇنىدىن باشقا، ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسى ئېلىمىز خەلق دېموكراتىيىسىنىڭ ئەڭ ئومۇملاشقان ئىپادىلىنىش شەكلى. ئېلىمىز خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئاستىدا، خەلقنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشىدىكى ئەڭ ئاساسلىق سىياسىي ھوقۇقىنىڭ بىرى ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيەسىدىن ئىبارەت، يەنى خەلق ئاممىسى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىدىن ئىبارەت بۇ شەكىل ئارقىلىق، ئالاقىدار جەمئىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلقنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇپ دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسى ئېلىمىز سوتسىيالىستىك سىياسىيسىنىڭ مۇھىم تەرىپى، شۇنداقلا ئېلىمىز خەلق دېموكراتىيىسىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ھالقىسى ۋە ئىپادىلىنىش شەكلى. بۇ مەسىلىلەر يېتەرلىك ئېتىبارغا ئېلىنىشى كېرەك. گەرچە دۆلىتىمىزنىڭ 1954 ـ يىلدىكى ئاساسىي قانۇنىدا ئاساسىي قاتلام ئاممىسىنىڭ ئاپتونومىيىسى بولغان خەلق دېموكراتىيىسى پرىنسىپى بېكىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنىڭ تەرەققىياتى يېتەرلىك بولماي، ئېلىمىز خەلق دېموكراتىيىسى تۈزۈمى قۇرۇلۇشىغا ئېغىر تەسىر كۆرسەتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيە قۇرۇلۇشى يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم ئاساسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مۇقەررەر ھالدا ئېلىمىز خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭمۇ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. 1979 ـ يىلى 5 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ يىغىنىدا كومىتېت باشلىقى پېڭ جېن سايلام قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ھەققىدە سۆزلىگەن ۋاقتىدا، ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنىڭ ئېلىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدىكى مۇھىم ئەھمىيىتى توغرىسىدا توختالغانىدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: مەملىكەت بويىچە ئىككى مىڭدىن كۆپرەك ناھىيىدە خەلق ۋەكىللىرىنى بىۋاسىتە سايلايدۇ، ئالماشتۇرىدۇ، بۇ ھوقۇقنى ۋەكىللەر بىۋاسىتە قولىدا تۇتۇپ تۇرىدۇ. ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ئۆلكە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى، ئۆلكە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى يەنە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى سايلايدۇ، ۋەكىللەر ئەسلى سايلىغان ئورۇننىڭ ۋە سايلىغۇچىلارنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۇلارنى خالىغان ۋاقىتتا ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ. ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى ھۆكۈمەت، سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى نازارەت قىلىدۇ، 900 مىليون خەلق دۆلەتنىڭ تەقدىرىنى تۇتۇپ تۇرىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تەك قارا نىيەتچىلەر، سۇيىقەستچىلەرنىڭ دۆلەتنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش چۈشىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشى قىيىنغا چۈشتى. ئېلىمىز خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ ئاساسى يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىدۇر. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشنىڭ شەكلى، تەرتىپى ۋە جەريانىدىن قارىغاندا، يەرلىك

خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ سايلام مېخانىزمى شۈبھىسىزكى، ئاساس رولنى ئوينايدۇ. ئەگەر يەرلىك خەلق قۇرۇلتاي-لىرىنىڭ سايلىمى ۋە خاراكتېرى خەلقنىڭ دېموكراتىيىسىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ ۋە گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلمەي-دىكەن، ئۇ ھالدا بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق قۇرۇلتايلى-رىنىڭ دېموكراتىيىلىكلىكى تەسىرگە ئۇچرايدۇ ۋە ئاجىز-لايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئېلىمىزنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى بولغان خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى، يەرلىك خەلق قۇرۇل-تىيى تۈزۈمى قۇرۇلۇشى ئېلىمىزنىڭ پۈتكۈل خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمى بولۇپ، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى قۇرۇلۇشىدا ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنىڭ سۈپىتى ئېلىمىز خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدىكى خەلق دېموكراتىيىسىنىڭ خاراكتېرى بىلەن باغلىنىشلىق بولىدۇ.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىن، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى ئېلىمىزنىڭ ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. بۇ ئېلىمىزنىڭ خەلق قۇرۇل-تىيى تۈزۈمى قۇرۇلۇشىدا زور ئەھمىيەتكە ئىگە. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىلگىرى كۆپ قېتىم مۇنداق دېگەنىدى: «دېموكراتىيىنى يولغا قويۇش جەھەتتە ئىلگىرى قىلغىنى-مىز يېتەرلىك بولمىدى، ھەمدە خاتالىق ئۆتكۈزدۇق» بۇندىن كېيىن ئىشنى ئىسلاھات تۈزۈمىدىن باشلاپ «سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە تۈزۈمى ۋە سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى ئەستايىدىل بەرپا قىلىشىمىز»، «ئومۇمىي خەلقنىڭ تورلۇك ئۇنۇملۇك شەكىللەر ئارقىلىق دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلام يەرلىك ھاكىمىيىتى ۋە ھەر خىل كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقىدىن ھەقىقىي تۈردە بەھرىمەن بولۇ-شىغا، تورلۇك پۇقرالىق ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك.» 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا گۇاڭشى، لوچېڭ، يىشەن قاتارلىق جايلاردىكى يېزىلاردا كەنت ئاھالە كومىتېتلىرى قۇرۇلۇپ كەنتلەر ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش، ئۆزىنى ئۆزى تەربىيىلەش، ئۆزى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشتەك سىياسىي تەشەببۇس ئوتتۇرىغا قو-يۇلغان ۋاقىتتا، بۇ ئۇسۇل دەرھاللا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى. پار-تىيىنىڭ 12 ـ قۇرۇلتىيىدا بېرىلگەن دوكلاتتا ئاساسىي

قاتلامنى دېموكراتىك باشقۇرۇش ۋە ئاممىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشىنىڭ ئەھمىيىتى شەرھلەندى. 1992 ـ يىلدىكى ئاساسىي قانۇندا كەنت ئاھالە كومىتېتىدىن ئىبا-رەت ئاممىۋى ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىدىغان تەشكىلات قانۇن جەھەتتە مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. 1987 ـ يىلى 11 ـ ئايدا 6 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ما-قۇللىغان «كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)» دا، كەنت ئاھال-سىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشنىڭ پرىنسىپى ۋە رامكىسى رەسمىي بېكىتىلدى. 1998 ـ يىلى تۈزىتىلگەندىن كېيىنكى «كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇ-نى» ئېلان قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئېلىمىز يېقىنقى يىللاردا يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى قۇرۇ-لۇشى جەھەتتە زور تەرەققىياتلارنى قولغا كەلتۈرۈپ، يەرلىكنىڭ ئاكتىپچانلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى قوزغاپ، يەرلىكنىڭ دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى زور دەرىجىدە تېزلەتتى.

## خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيە قۇرۇلۇشىدىكى يېتەرسىزلىكى

ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسى ئېلىمىز خەلق قۇ-رۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ مۇھىم ئاساسى، ئېلىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى قۇرۇلۇشىدىن قارىغاندا، ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيە قۇرۇلۇشىغا تېخى يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىلمىدى. بۇ جەھەتتە ئاساسلىقى تۆت مەسىلە ساقلانماقتا:

*بىرىنچى، ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتى تەكشى ئەمەس.* 1954 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى 1 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 4 ـ يىغىنىدا ماقۇللانغان «شەھەر ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» دا: «ئاھالە كومىتېتى ئاممىۋى ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش خاراكتې-رىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشى» دەپ بەلگىلەنگەن. 1982 ـ يىلدىكى ئاساسىي قانۇندا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا: «شەھەر ۋە يېزىلاردا ئاھالىلارنىڭ ئولتۇراقلاشقان رايونى بويىچە قۇرۇلغان ئاھالە كومىتېتى ياكى كەنت ئاھالە كومىتېتى ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرىدىغان ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتىدۇر»

دەپ بەلگىلەنگەن. لېكىن، ئېلىمىزنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسى ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، يېزا ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنىڭ تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولۇۋاتىدۇ. ئېلىمىزدە 1987 ـ يىلدىن باشلاپ يېزىلاردا كەنتلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشى يولغا قويۇلدى، ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئۈزلۈكسىز تىرىشىش ئارقىلىق مۇھىم ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئېلىمىزدە 600 مىليونغا يېقىن دېھقان ئۈچ نۆۋەتتىن ئارتۇق بىۋاسىتە سايلامغا قاتناشتى، زور بىر تۈركۈم ئىقتىدارلىق دېھقانلار رەھبەرلىك ئورنىغا چىقىپ، ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان بىر تۈركۈملىرى تەختتىن چۈشتى. كەنتلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشى دېھقانلارنى ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش جەھەتتە چېنىقتۇرۇپ، «دېھقانلار مەدەنىيەتسىز، ساپاسى تۆۋەن، دېموكراتىيىگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ» دەيدىغان كۆز قاراشنى پەيدىنپەي ئۆزگەرتتى. جۇڭگودىكى يېزا مەسىلىلىرى مۇتەخەسسىسلىرى كەنتلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشىنى «جۇڭگونى دېموكراتىيىلەشتۈرۈش قەدىمىدىكى ئۇلۇغ باشلىنىش» دەپ قارىدى. لېكىن، شەھەرلەردە ئاھالە كومىتېت تۈزۈمى يولغا قويۇلغىلى 45 يىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن شەھەرلەر بىلەن يېزىلارنىڭ شارائىتى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، شەھەر ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسى ئىزچىل تۈردە ئۈنۈملۈك يولغا قويۇلمىدى. ئاھالە كومىتېتى ھۆكۈمەتكە تېخىمۇ يېقىن بىر تارماق تەشكىلات بولۇپ، بۇ ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن ئاھالە كومىتېتىنىڭ خاراكتېرىگە خىلاپ.

*ئىككىنچى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشىنى دېموكراتىيىلەشتۈرۈش قەدىمى يېتەكلەشكە مۇھتاج.* ئېلىمىزدە يولغا قويۇلۇۋاتقان يېزا ئاساسىي قاتلام ئاممىۋى ئاپتونومىيىسى گەرچە زور نەتىجىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن، ئەمەلىيەتتىن قارىغاندا، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن مەسىلىلەر بار. تۈزۈم جەھەتتىن ئېيتقاندا، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشى بىلەن دېموكراتىك سىياسىي ئوخشاش ئەمەس. يېزىلاردا كەنتلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇپلا دېموكراتىيە ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى دېيىلسە بولمايدۇ. نۇرغۇن تارىخىي ماتېرىياللار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئاپتونومىيە جەمئىيەتتە دېموكراتىيىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ناتايىن، ھەتتا دېموكراتىيىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. دېموكراتىيىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى بازار ئىگىلىكى، بازار ئىگىلىكىگە مۇناسىپ بولغان دېموكراتىك سىياسىينىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى مەمۇرىيەت بىلەن ھوقۇقنى ئايرىشتىن ئىبارەت. ئېلىمىزدىكى كۆپ قىسىم يېزىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بازار ئىگىلىكى تېخى يېتەرلىك يولغا قويۇلۇپ كېتەلمىدى. ئېلىمىزدە خېلى ئۇزاق ۋاقىت فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئەنئەنىسى ساقلانغان، دىنىنىڭ، ئەخلاقنىڭ، پاتىرىئارخاللىقنىڭ تەسىرى ئېلىمىز يېزىلىرىدا كەڭ كۆلەمدە تارقالغان، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قارىشى نىسبەتەن قالاق، ئادەم ئارقىلىق باشقۇرۇش ئېڭىنىڭ تەسىرى خېلىلا كۈچلۈك. شۇنىڭ ئۈچۈن، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش جەھەتتىكى دېموكراتىيە خاراكتېرى ۋە دېموكراتىيە يۆنىلىشىگە قانداق قىلىپ كاپالەتلىك قىلىش ئېلىمىزنىڭ ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيە قۇرۇلۇشىدا ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلە بولۇپ قالدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئېلىمىزنىڭ كەنت ئاھالىلىرى دېموكراتىيىسىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىنىڭ توسالغۇسىمۇ خېلى بار. ئالىملار مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «يېزىلاردىكى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشى ھەقىقەتەن ياخشى ئەھۋال، يېزا، كەنت كادىرلىرىنىڭ يۆلىنىۋېلىش ئىدىيىسى يەنىلا كۈچلۈك، ھالبۇكى يېزا، كەنت كادىرلىرىنىڭ ياخشىلىرىنىڭ سانى ناھايىتى ئاز. كۆپ ساندىكى يېزا، كەنت كادىرلىرى دېموكراتىك سايلامغا زىت ھالدا سايلانغان، پارا بېرىپ سايلىنىش، سايلامنى تىزگىنلىۋېلىشتەك ھادىسىلەر ئاز ئەمەس، نۇرغۇن جايلار يەنە كەنت كومىتېتى كادىرلىرىنى بىۋاسىتە سايلاۋاتىدۇ.» بۇنداق قاراش ئەتراپلىق ئەمەس، لېكىن، شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئېلىمىز يېزىلىرىدا يەنە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ.

*ئۈچىنچى، ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسى بىلەن يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇق ئەمەس، ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا ئاساسىي قاتلام*

*دېموكراتىيىسىنىڭ يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدىكى رولى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلمىدى.* شەھەرلەردىن قارىغاندا، ئېلىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى خەلق قۇرۇلتىيى بىلەن ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنىڭ ئالاقىسى قىلچە قويۇق ئەمەس. شەھەرلەردىكى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى تېخى مۇكەممەل ۋە تولۇق بولمىغان ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنى ئۈزنىڭ تايانچى قىلىۋالغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ سايلىمىدا شەكىلۋازلىق بىر قەدەر قويۇق. يېزىلاردىن قارىغاندا، يېزا ئاساسىي قاتلام ئاممىۋى ئاپتونومىيىسىدە مەسىلە بولغانلىقتىن، يېزا ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسى بىلەن يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسىدىمۇ تۆۋەن ئۆزگىرىش بولمىدى، بۇ يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىلىق رولىغا تەسىر كۆرسەتمەيمۇ قالمىدى.

*تۆتىنچى، ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسى ۋە ئۇنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنىغا بولغان تونۇشتا بىر تەرەپلىمىلىك بار.* مەسىلەن، يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرى بىلەن مەركىزىي دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى جەھەتتە، كىشىلەر ئادەتتە «مەركىزىي دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ تۈرلۈك ۋەزىپىلىرى يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ پائالىيىتى ئارقىلىق خەلق ئاممىسى بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، ئاندىن ئاساسىي قاتلامدا ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى كېرەك»، «مەركىزىي دۆلەت ئورگانلىرى يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرى ئارقىلىق ئەھۋال ئىگىلىشى، جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي قاتلاملىرىدىكى ئەھۋاللارنى ئىگىلىشى كېرەك» دېگەنگە بىر ئاز دىققەت قىلىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسى بىلەن يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتلار ئوتتۇرىسىدا، كىشىلەرنىڭ تېخىمۇ كۆپ كۆرىدىغىنى ۋە ئەھمىيەت بېرىدىغىنى يۇقىرى دەرىجىلىك تۆۋەن دەرىجىلىكنى باشقۇرۇش ھەمدە تۆۋەن دەرىجىلىك يۇقىرى دەرىجىلىككە مۇلازىمەت قىلىش فۇنكسىيىسىدىن ئىبارەت. ئەمەلىيەتتە، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى بىلەن مەمۇرىي تۈزۈم ئوتتۇرىسىدا زور پەرق بار. ئالدىنقىسىنىڭ پائالىيەت پرىنسىپى دېموكراتىيە پرىنسىپى بولۇپ، ئازچىلىقنىڭ كۆپچىلىككە بويسۇنۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ، كېيىنكىسىنىڭ پائالىيەت پرىنسىپىنى بويسۇنۇش پرىنسىپى بولۇپ، تۆۋەن دەرىجىلىكنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىككە بويسۇنۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئېلىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا، ھەر دەرىجىلىك يەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە بىر دەرىجە يۇقىرى دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ ۋە خىزمىتىدىن دوكلات بېرىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن، بۇ يەردە ماس كېلىدىغىنى تۆۋەن دەرىجىلىكنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىككە بويسۇنۇشىدەك مەمۇرىي پرىنسىپ. لېكىن، يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى بىلەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇناسىۋىتى بۇ خىل مەمۇرىي مۇناسىۋەت ئەمەس. ئەلۋەتتە، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قۇرۇلتىيى بولۇش سۈپىتى بىلەن، تېخىمۇ زور، تېخىمۇ يۇكسەك ۋەكىللىككە ئىگە. لېكىن بۇ يەردىكى تېخىمۇ زور، تېخىمۇ يۇكسەكلىك ئاساسلىقى قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى ھەمدە قانۇن نازارەتچىلىكىنى يولغا قويۇشنىڭ ھوقۇق چېكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇندىن باشقا، دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا، يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى چىقارغان قانۇنلارنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش مەجبۇرىيىتى بار دەپ بەلگىلەنگەن، بۇ خىل كاپالەتلىك قىلىش مەجبۇرىيىتىنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، قايسى دەرىجىلىك ئورگاننىڭ قىلمىشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا خىلاپلىق قىلىنىدىكەن، يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ئۇنى توسۇش ھوقۇقى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدىن قارىغاندا، يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى بىلەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇناسىۋىتى، يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قانۇنلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە مەركەزدىكى ئورگانلارنىڭ ئاساسىي قاتلامنى چۈشىنىشى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشى بولۇپلا قالماي، يەنە بىر قاتلام مۇھىم مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، يەنى يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دېموكراتىيە ئاساسى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ، يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى تېخىمۇ

2010

بىۋاستىلىككە ئىگە. خەلق ئاممىسى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا ئىنكاس قىلغان پىكىرلەر يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ئارقىلىق ئەمەلىيلەشتۈرۈلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى سايلىغان ۋەكىللەردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قارارلىرىدا ھەر قايسى جايلاردىكى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ئەڭ ئادەتتىكى پىكىرلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋەكىللىرىنىڭ پىكىرلىرىنىڭ تەڭپۇڭلاشقانلىقىنىڭ ئىپادىسى. روشەنكى، يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ دېموكراتىيىلىشىشى، قانۇن ـ تۈزۈملىشىشى ئېلىمىز خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى نىشان قىلىپ، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش**

ئېلىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنى ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسى نۇقتىسىدىن ئويلىغاندا، ئەڭ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغىنى ئېلىمىز خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولۇش مېخانىزمىنىڭ پەيدىنپەي شەكىللەنگەنلىكى. دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇرۇش، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇشتىكى ئەڭ تۈپ مەزمۇنىنىڭ بىرى، خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولۇش، خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولماسا بولمايدىغان مېخانىزمنى شەكىللەندۈرۈشتىن ئىبارەت.

*بىرىنچى، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولۇش تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش.* بۇ ئاساسلىقى ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرى، يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ئەرزىيەت تۈزۈمىنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلام ئاممىسىنى كۈتۈۋېلىش، خەلق ئۈچۈن ئادالەتتە چىڭ تۇرۇش يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ كۈندىلىك مۇھىم خىزمەتلىرىنىڭ بىرى. ئاممىنى كۈتۈۋېلىش، ئاممىنىڭ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشىدىكى مۇھىم شەكىل. ئادەتتە، ئامما دائىم مەمۇرىي ئورگانلار، ئەدلىيە ئورگانلىرى ياكى ج خ ئورگانلىرىدا ئاۋارىچىلىققا يولۇققان مەسىلىلەر توغرىسىدا خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنى ئىزدەپ، ئۇلارنىڭ ھەل قىلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ؛ بۇنىڭ ئىچىدە بەزىلىرىنى مەمۇرىي ئورگانلار، ئەدلىيە ئورگانلىرى ياكى ج خ ئورگانلىرى قانۇنغا تەتبىقلاپ چۈشەندۈرەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن، بۇنى ھاكىمىيەت ئورگىنى خەلقنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ خەلققە ئىزاھات بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. لېكىن تېخىمۇ كۆپ قىسمى خىزمەت ھوقۇقىنى قالايمىقان ئىشلىتىش ۋە ئەدلىيىدە چىرىكلىشىشكە چېتىشلىق مەسىلە. بۇنداق شارائىتتا، يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان ئورگان بولۇش سۈپىتى بىلەن، خەلق ئۈچۈن سۆزلىشى، خەلق ئۈچۈن ھەققەتتە چىڭ تۇرۇشى كېرەك، بۇ يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ «خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولۇش»نىڭ مۇھىم ئىپادىسى. ئىككىنچىسى، يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ يەرلىك دۆلەت ئاپپاراتى سىستېمىسىدىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش. ئېلىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا، يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدۇر، باشقا دۆلەت ئورگانلىرى ھاكىمىيەت ئورگىنىدا ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلىدۇ، ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىدۇ، ھاكىمىيەت ئورگىنى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. لېكىن ئەمەلىيەتتىن قارىغاندا، بۇ جەھەتتىكى تۈزۈم ۋە تۈزۈلمىلەر مۇكەممەل بولمىغانلىقتىن، يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىدىكى تولۇق ھوقۇقلۇق خاراكتېرى گەۋدىلەنمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ئەمەلدارلار ئۈستىدىن نازارەتچىلىك قىلىش ھوقۇقى ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش تۈزۈمىنى يەنىمۇ ئىسلاھ قىلىشقا بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى يەنىمۇ ئويلىشىپ بېقىشقا بولىدۇ. يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ئەمەلدارلار ئۈستىدىن نازارەتچىلىك قىلىشىنى تۈزۈملەشتۈرۈش، ئالدى بىلەن ئېلىپ بېرىش، مەسىلە سېزىلگەنلىرىنى ياكى لاياقەتسىز ئەمەلدارلارنى ۋاقتىدا ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش كېرەك، چوڭ دېلونىڭ يۈز بېرىشىنى كۈتۈپ، ئەدلىيە ئورگانلىرى دېلونى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقىنى

يۈرگۈزسە بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نازارەتچىلىك ۋە باھالاشنىڭ ئىشەنچلىك نۇقتىسىنى بىرىنچى يىلنىڭ بىرىنچى پەسلىدىكى خىزمەتتىن دوكلات بېرىشتىن ئادەتتىكى نازارەتچىلىككە يۆتكەش، نازارەتچىلىكنىڭ سۈپىتىگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، شەكىلنى ئاساس قىلىۋالماسلىق كېرەك.

*ئىككىنچى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ سىياسىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش.* بۇ جەھەتتە ئويلىنىدىغان ئىككى مەسىلە بار: (1) خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى كەسپلەشكەن بولۇش كېرەك. بۇ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ قوش مەسئۇلىيىتى مەسىلىسىگە چېتىلىدۇ. ئېلىمىزدە ھازىر خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدۇ، ۋەكىللىك مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش ۋاقتى ناھايىتى ئاز، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇشى بىر قەدەر قىيىن. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى كەسپلەشكەن بولۇشى كېرەك. يەنى، مەخسۇس ۋەزىپىدىكى ۋەكىللىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغاندا، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولۇپ سايلانغاندىن كېيىن، ئەسلىدىكى خىزمىتى ۋە ئەسلى خىزمەت ئورنىدىن ئايرىلىپ، دۆلەتتىن مائاش ئېلىپ، داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتىسە بولىدۇ. ۋەكىللەر كەسپلەشكەندە ئۇلارنىڭ ئىش بېجىرىش ئۈنۈمى ۋە ساپاسى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ سانىمۇ زور دەرىجىدە ئازىيىدۇ. (2) خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ماھىيەتلىك بولۇش كېرەك. ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى نۇرغۇن كومىتېت ئەزالىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا يەنىلا بىر خىل شەرەپ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ ئۈنۈمى ھەمدە دۆلەت ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ ئىقتىدارى زور دەرىجىدە تەسىرگە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ئىشچىلار ۋەكىللىرى دائىم ئەمگەك نەمۇنىچىسى، زىيالىيلار ۋەكىللىرى ئاتاقلىق ئالىم دەپ قارىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىلەن ئەمگەك نەمۇنىچىسى ياكى ئالىم ھەرگىزمۇ ئوخشاش بىر ئۇقۇم ئەمەس. دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىش ئىقتىدارى ھەمدە خەلق ئۈچۈن سۆزلەش غەيرىتىنىڭ ۋە ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنىڭ بولۇش - بولماسلىقى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ئاساسلىق ئۆلچىمى قىلىنىشى كېرەك، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بىر ياخشى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ئۆزىنى قۇربان قىلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، ۋەكىللەرنى كەسپ سالاھىيىتى بىلەن چەكلەپ قويۇش مۇۋاپىق ئەمەس. ھەر ساھە، ھەر قايسى كەسپتىكى ۋەكىللەر ھەر ساھە، ھەر قايسى كەسپ، ھەر قايسى قاتلاملاردىن كۆرسىتىلگەن ۋەكىللەر بولۇشى كېرەك، لېكىن بۇ ۋەكىللەر ئەسلىدىنلا ھەر خىل سالاھىيەتكە ئىگە. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ كەسپلەشكەن بولۇشىنى يولغا قويۇشتىن ئىلگىرى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ سالاھىيىتىنى چەكلەشكە بولىدۇ. مەسىلەن، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىقىنى ئۆتەۋاتقان پۇقرالار يەنە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولسا بولمايدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، قانۇن چىقىرىش، مەمۇرىيەت ۋە ئەدلىيە ئايرىلىشىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بولسا، باشقا خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋەكىللىك بۇرچىنى ئادا قىلىۋاتقان ۋاقىتتا ئەندىشىدە قېلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇشقا تەسىر يېتىدۇ.

*ئۈچىنچى، بازار ئىگىلىكى ئىسلاھاتى سالمىقىنى زورايتىش، ئېلىمىز ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنى پۈتۈن يۆنىلىش بويىچە ئىلگىرى سۈرۈش، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ پۇختا دېموكراتىك ئاساس سېلىش.* يېزىلاردا ئاساسىي قاتلام ئاممىۋى ئاپتونومىيە قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش يېزا ئاساسىي قاتلام ئاپتونومىيىسىنى قانۇنلاشتۇرىدۇ، ئومۇملاشتۇرىدۇ ۋە قېلىپلاشتۇرىدۇ. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بېكىتكەن ماقۇللىغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» دا كەنت ئاھالە كومىتېتىنى بىۋاسىتە سايلاشقا دائىر بەزى يېڭى تەدبىرلەر بەلگىلىنىپ، دېموكراتىك سايلامنىڭ ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، يېزا ئاساسىي قاتلام ئاممىۋى ئاپتونومىيە تەشكىلاتىنى سايلاشنىڭ دېموكراتىيىلىكلىكى قانۇن جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. لېكىن، شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، ئەنئەنىۋى ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى ھەمدە ئەخلاق ئېتىكىسى قاتارلىق

كۆز قاراشلارنىڭ يېزا ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىگە بولغان سەلبىي تەسىرى ھېلىھەم مەۋجۇت بولغانلىقتىن، ھەتتا، مەلۇم دەرىجىدە تېخىمۇ كېڭەيگەنلىكتىن، نۇرغۇن ئالىملار ئېلىمىزنىڭ دېموكراتىيە ۋە قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش مۇساپىسىدىكى «ئانا تۇپراق بايلىقى»غا دىققەت قىلدى. ئېلىمىزنىڭ يېزا ئاساسىي قاتلاملىرىنىڭ دېموكراتىيىلىشىش جەريانى، ئەمەلىيەتتە ئەنئەنىۋى ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى ۋە ئۇنىڭ ئېتىكا تەسىرىنىڭ پەيدىنپەي خارابلىشىش جەريانى بولۇپ، بۇ جەرياننى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك شەكىل قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ئارقىلىق بازار ئىگىلىكىنى ئىسلاھ قىلىش سالمىقىنى زورايتىپ، يېزىلاردا بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مەنپەئەتدار ئاممىۋى تەشكىلاتنى شەكىللەندۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن ئېلىمىز ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت.

شەھەرلەردىن قارىغاندا، ھازىر يۇرگۈزۈلۈۋاتقان ئاھالە كومىتېتلىرى ۋە رايونلارنىڭ تۈزۈمى بىلەن يېزا ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسى زور دەرىجىدە ئوخشىمايدۇ، ئاساسلىقى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئورگان سالاھىيىتى تۈزۈمى تېخى بۇزۇلۇپ تاشلانمىدى. ئېلىمىز بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، شەھەرنىڭ بەلگىسى بولغان«ئورگان ئادەملىرى» نىڭ ئورنىنىمۇ پەيدىنپەي «جەمئىيەت ئادەملىرى» ئىگىلەيدۇ. تارىخ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئېلىمىزنىڭ ئاھالە كومىتېتلىرى بىلەن مەھەللە تۈزۈمىمۇ يەنىمۇ ئىسلاھ قىلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىرىنچى خىل پىكىر يولى1 ، ھازىر يۇرگۈزۈلۈۋاتقان خەلق ھۆكۈمىتى ياكى كوچا ئىش باشقارمىسىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدىكى ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ ئەندىزىسىنى ئاھالە ئاپتونومىيە تەشكىلاتىغا پەيدىنپەي ئايلاندۇرۇپ، شەھەرلەردىكى ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيە ئەندىزىسىنى يېزىلارغا يېقىنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇنىڭغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن ئاھالە كومىتېتىنىڭ كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇپ، ھازىرقى كوچا ئىش باشقارمىلىرىنىڭ خېلى كۆپ فۇنكسىيىسىنى پەيدىنپەي ئاھالە كومىتېتىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېرەك. ئەلۋەتتە، بۇ «ئورگان ئادەملىرى»نى «جەمئىيەت ئادەملىرى» گە ئايلاندۇرۇش جەريانىغا باغلىق. يەنە بىر خىل پىكىر يولى، مەھەللە دېموكراتىيىسىنى راۋاجلاندۇرۇش، يەنى ئەنئەنىۋى ئاھالە كومىتېت ئەندىزىسىدىن سىرت شەھەر ئاساسىي قاتلام ئاھالىلىرى ئاپتونومىيىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر خىل دېموكراتىيە تۈزۈمىنى تېپىپ چىقىشتىن ئىبارەت. مەھەللە تۈزۈمىنىڭ پىشىپ يېتىلىشىگە ئەگىشىپ، ئاھالىلار كومىتېتىغا ئوخشىمايدىغان شەھەر ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسى راۋاجلىنىدۇ. ئۈچىنچى خىل پىكىر يولى، ئورگانلارنىڭ ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنى راۋاجلاندۇرۇش. بۇ ھازىر يۇرگۈزۈلۈۋاتقان ئاھالە كومىتېتلىرى ۋە مەھەللىلەرنىڭ ئاپتونومىيە خاراكتېرى تېخى شەكىللەنمىگەن ۋاقىتتىكى ئۆتكەل. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ ئۈچ خىل پىكىر يولىنىڭ يۆنىلىشىدە ئېلىمىزنىڭ شەھەر ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈشى كېرەك. ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئېلىمىزنىڭ يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خاراكتېرىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىدىن، شۇ ئارقىلىق جەمئىيەتنى دېموكراتىيىلەشتۈرۈش ۋە ئېلىمىزنى سوتسىيالىستىك قانۇن ئىدارە قىلىدىغان دۆلەت قۇرۇش مۇساپىسىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈشكە بولىدىغانلىقىدىن قىلچە گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ.

«شاڭخەي خەلق قۇرۇلتيى»ژۇرنىلىنىڭ 2000 ـ يىل 3 ـ سانىدىن ساداقەت تەرجىمىسى

**مەسئۇل مۇھەررىر : نۇرگۈل كېرەم**

### قايسىسى راست ، قايسىسى يالغان

ئۈچ ياشلىق ليۇشاڭپېڭ «غەربكە ساياھەت» مەستانىسى بولۇپ، سۈن ۋۇكۇڭنىڭ دائىم بىر تال تۈكىنى نۇرغۇن سۈن ۋۇكۇڭغا ئايلاندۇرالايدىغانلىقىغا ھەۋەس قىلاتتى. بىر كۈنى ئۇ كوچىدا كېتىۋېتىپ بىر ئايالنىڭ قوشكېزەك بالىنى يېتىلەپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، قىزىقىپ سورىدى: «ھەدە، بۇنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان».

# ھەر ۋاقىت جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئۆزىنى پارتىيىگە بېغىشلىغان ئىنسانلار قىلىش

ئاۋات ناھىيىلىك 12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى مامۇت قۇربان توغرىسىدا

پەرھات مەسۇم

جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئۆزىنى ھەقىقىي تۈردە خەلقنىڭ چاكىرى دەپ بىلىپ، بارلىقىنى خەلق ئۈچۈن بېغىشلاش كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ۋە خەلق ۋەكىللىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى ۋە بۇرچى.

ئاۋات ناھىيە بەشئېرىق بازىرى تۆۋەنكى خوجىۋاسقاق كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، ناھىيىلىك 12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى يولداش مامۇت قۇربان ئەنە شۇنداق ئاددىي خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ، ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتقان نامسىز تۆھپىكارلارنىڭ بىرى.

يولداش مامۇت قۇربان 1969 - يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ 1975 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقان. 1986 - يىلى پارتىيىگە كىرگەن. 1988 - يىلى بەشئېرىق بازىرى تۆۋەنكى خوجىۋاسقاق كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولۇپ تەيىنلەنگەن. ئاۋات ناھىيىلىك 9 - ، 10 - ، 11 - ، 12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، بەشئېرىق يېزىلىق 2 - ، 3 - ، 4 - ، 5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، 1998 - يىلى بەشئېرىق بازارلىق 1 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ جەمئىي 5 قارار ئۇدا ناھىيە ۋە يېزا، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلىنىپ ۋەزىپە ئۆتەۋاتىدۇ.

ئۇ 1998 - يىلى كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىغا سايلانغاندىن بۇيان ھەر يىلى ۋىلايەت، ناھىيە، بازار تەرىپىدىن «ئىلغار پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى»، «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى»، «ئىلغار خىزمەتچى»، «ئىلغار ۋەكىل» دېگەن شان - شەرەپلەر بىلەن تەقدىرلىنىپ كەلدى. يولداش مامۇت قۇربان كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، ناھىيە ۋە بازار دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ئۆزىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىكىدىن ئىبارەت ۋەكىللىك بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلىپ، پارتىيىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى ۋە خەلقنىڭ ئىرادىسىنى توغرا گەۋدىلەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بەردى. ھازىرغا قەدەر ناھىيە ۋەكىلى بولۇپ كېلىۋاتقان 13 يىلدىن بۇيان خەلق ئاممىسى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، ناھىيىنىڭ ئىقتىسادىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئالاقىدار چوڭ - چوڭ ئىشلار توغرىسىدا 39 تۈرلۈك تەكلىپ ۋە بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولۇپ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان 15 يىلدىن بۇيان جەمئىي 45 تۈرلۈك پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پارتىيە بىلەن خەلق ئاممىسى ئوتتۇرىسىدا، كۆۋرۈكلۈك رولىنى جارى قىلدۇردى. ئاممىنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىپ، ئامما ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىش، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت باش مەقسەتنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇپ، جاپا مۇشەققەتتىن، ھېرىش - چارچاشتىن باش تارتماي ئۆزىنىڭ كومپارتىيە ئەزاسى، خەلقنىڭ ۋەكىلى ئىكەنلىكىنى ھەر ۋاقىت ئەستىن چىقارمىدى.

بولۇپمۇ ئۆز كەنتىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى قانداق قىلىپ ئىلگىرى سۈرۈش ۋە كەنت خەلقىنى قانداق

قىلىپ ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت قىيىن سوئال ئارقىلىق ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويدى. پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق دېھقانلارنى بېيىش يولىغا يېتەكلەشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئىلغار پەن ـ تېخنىكىنى كىرگۈزۈپ كەنتنىڭ ئاشلىق، پاختا، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك، ھويلا ـ ئارام ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، كەنتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى كۈنسېرى زورايتتى. بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىكىدە تۈۋرۈك كەسىپ بولغان پاختا ئىشلەپچىقىرىشقا زور كۈچ بىلەن ئەھمىيەت بېرىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى باشلامچى كەسىپ قىلدى. بۇ ئارقىلىق 1992 ـ يىلدىن بۇيان ئۆزى تۇرۇشلۇق تۆۋەندىكى خوجىۋاسقاق كەنتى ھەر يىلى ئاشلىق، پاختا، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، ھويلا ـ ئارام ئىگىلىكى قاتارلىق تۈرلەردە ئۇدا مول ھوسۇل ئېلىپ، ۋىلايەت، ناھىيە، بازار تەرىپىدىن ئۈلگىلىك كەنت بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلىنىپ كەلدى. پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى ئىقتىسادىي كىرىمنى ئاشۇرۇشتىكى تۈۋرۈك كەسىپ قىلغانلىقتىن، دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى يىلدىن ـ يىلغا ئېشىپ، 2000 ـ يىلى يىل ئاخىرىدا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم 2386 يۈەنگە يېتىپ، بەشئېرىق بازىرى بويىچە ئەڭ ئالدىنقى كەنت بولۇپ تارىختا يۇقىرى سەۋىيە ياراتتى.

كەنت ئىگىلىكىدە ھەر يىلى 64 مىڭ يۈەن ساپ كىرىم قىلىنىدىغان يېشىل كارخانا ئىگىلىكى كىرىم مەنبەسى بەرپا قىلىپ، بۇنىڭدىن قىلىنغان كىرىمنى كەنتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئەسلىھەلىرى يول، كۆۋرۈك، زاكۇ، توك ئىشلىرى، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە، تەنتەربىيە ئەسلىھەلىرى ۋە قىرائەتخانا قاتارلىق ئىشلارغا سەرپ قىلىپ كەنتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈنسېرى جانلاندۇردى. كەنت خەلقىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى بېيىتىلدى. مەزمۇنى مول، شەكلى خىلمۇ خىل مەدەنىيەت پائالىيىتى يولغا قويۇلۇپ، مەنىۋى مەدەنىيەتلىك جەھەتتە كىشىنى خۇشال قىلىدىغان ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە يېڭى مەنزىرە بارلىققا كەلدى. كەنت دېھقانلار ئاممىسى ۋە ياشلار ئارىسىدا تەنتەربىيە ۋە مەدەنىيەت ـ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى جۇشقۇن قانات يايدۇرۇلۇپ، مەنىۋى مەدەنىيەتلىك قۇرۇلۇشىدا يېڭى يۈكسىلىش بارلىققا كەلدى. شۇڭا كەنت دېھقانلار ئاممىسى ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق بىر ياخشى شۇجىسى ۋە بىر ياخشى خەلقىنىڭ ۋەكىلى يېتىشىپ چىققانلىقىدىن ئۆزلىرىنى ئىنتايىن بەختلىك ھېس قىلىشىدۇ.

يولداش مامۇت قۇربان، ناھىيە، بازار دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ئۆز كەنتىدىكى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ۋەكىللەر گۇرۇپپىسىنىڭ يىغىن، ئۆگىنىش پائالىيەتلىرىنى قەرەللىك ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ نازارەتچىلىك ھوقۇقىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. ۋەكىللەرنى تەشكىللەپ ياچېيكا بىلەن بىرلىكتە ھەر يىلى كەنت دېھقانلار ئاممىسىنى ئەستايىدىل كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى، قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە ۋە قارار قىلدى. ئۆزى باشلامچىلىق بىلەن كەنت مەھەللە كومىتېتىنىڭ ئىجرا قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، خەلق ئاممىسى ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بېرىپ، خەلق ئاممىسىنى خاتىرجەم قىلدى.

ئۇ جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن شان ـ شەرەپ ئالدىدا قىلچە مەغرۇرلانمىدى. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، پارتىيە ياچېيكا شۇجىسلىق مەسئۇلىيىتى ۋە بۇرچىنى قىلچە ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۆزىنى خەلقنىڭ چاكىرى دەپ بىلىپ، كېچە ـ كۈندۈز كوللېكتىپنىڭ، خەلقنىڭ غېمىنى يېدى.

پارتىيە، خەلق ئالدىدا يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئاۋۋال كوللېكتىپنى، دېھقانلار ئاممىسىنى بېيىتىش ئارقىلىق ئۆزى بېيىشتا باشلامچى بولدى. ئۇ ئۆزى ئۈلگە كۆرسىتىش

ئۇچۇن ئۆز ئائىلىسىنى باشلامچى قىلىپ، ئىلغار پەن ـ تېخنىكىنى كىرگۈزۈپ ئاشلىق، پاختا، چارۋىچىلىق، بورداقچىلىق، ھويلا ـ ئارام ئىگىلىكىنى، 2 ـ ، 3 ـ كەسىپ ئىگىلىكىنى يولغا قويۇپ، ھەر يىلى 60 مىڭ يۈەندىن 80 مىڭ يۈەنگىچە ساپ كىرىم قىلدى. ھەر يىلى ئۆز ئائىلىسىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىنى 10 مىڭ يۈەندىن ئاشۇردى.

يولداش مامۇت قۇربان ئۆزى بېيىغاندا كوللېكتىپنى، قىيىنچىلىقى بار دېھقانلارنى قىلچە ئۇنتۇپ قالماي ئۇلارغا ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ياردەم قولىنى سۇندى. ھازىرغا قەدەر ئۆز كەنتىدىكى قىيىنچىلىقى بار 3 ئائىلىگە 3000 كىلوگرام ئاشلىق، 25 قۇر كىيىم ـ كېچەك، 3750 يۈەن نەق پۇل ياردەم قىلغاندىن باشقا كەنت خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە ئالدىن بېيىغان بىر قىسىم مۇنەۋۋەر كارخانىچىلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، قىيىنچىلىقى بار 5 ئائىلىگە ئون نەچچە يىلدىن بۇيان 6500 كىلوگرام ئاشلىق، 45 كىلوگرام ياغ، 150 قۇر كىيىم ـ كېچەك، 39 توننا كۆمۈر، 13 قاپ خىمىيىۋى ئوغۇت قاتارلىقلارنى ھەقسىز ياردەم قىلىپ ئۇلارغا پارتىيىنىڭ مېھر ـ شەپقىتىنى يەتكۈزدى.

ئۇ شەخسەن ئۆزى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان 3000 يۈەن قىممەتتە تراكتور مەشغۇلات گۆكى سېرىپ قىلىپ، 35 ئادەم قېتىم قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ يەرلىرىنى ھەقسىز تېرىپ بەردى. بولۇپمۇ 2001 ـ يىلى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەزگىلىدە كەنت دېھقانلىرىغا ئۆزىنىڭ شەخسىي مەبلىغىدىن 80 مىڭ يۈەندىن سەرپ قىلىپ سۇلياۋ يۇپۇق سېتىۋېلىپ بازار بويىچە ئەتىيازلىق پاختا تېرىش تەييارلىقىنى ئەڭ بۇرۇن تەييارلاپ بولدى. بۇ جەھەتتە بازار بويىچە ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا ئۈلگىلىك كەنت بولۇپ باھالىنىپ ۋىلايەت ۋە ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا، بازارلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

يولداش مامۇت قۇربان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتىكى ئىلغار شەخس ۋە بۇ جەھەتتىكى نەمۇنىچى. ئۇ كەنت دائىرىسىدىكى 300 مو يەرنى خەنزۇ يولداشلارغا تۆۋەن باھادا ھۆددىگە بېرىپ ئۇلارنىڭ يەرلەرنى تېرىپ باشقۇرۇش جەھەتتىكى سۇ قىيىنچىلىقى، مەبلەغ يېتىشمەسلىك قىيىنچىلىقى ۋە تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى ئۆز ۋاقتىدا ھەل قىلىپ بېرىپ، ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق، ھەمكارلىقنى كۈچەيتتى، بۇ جەھەتتە خەنزۇ قېرىنداشلارنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى.

يولداش مامۇت قۇربان 2001 ـ يىلى كۆپ يىللاردىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن شان ـ شەرەپلەر ۋە ئەمەلىي خىزمەت نەتىجىسى، خىزمەتتىكى ئەمەلىي ئىپادىسىگە ئاساسەن، ئاۋات ناھىيىلىك پارتكوم، خ ق دائىمىي كومىتېتى تەرىپىدىن ئاۋات ناھىيىلىك 12 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلاندى.

ئۇ ھازىر بارلىقىنى پارتىيە ۋە خەلققە بېغىشلاشتىن ئىبارەت يۈكسەك غايە، تەۋرەنمەس ئىرادە تىكلەپ ئۇلۇغۋار پىلانلارنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يېڭى ئەسىردە تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلماقتا.


**ئاۋات ناھىيە بەشئېرىق بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتدىن**

مەسئۇل مۇھەررىر: تاھىر مامۇت



# يار اتقاچقا بىمار ئۆيۈن نى ـ نى تۆھپىنى ياقىندى كۆكسىدە شەرەپ ئوردېنى

ئىبراھىم ئەيسا



2000 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى خەلق سارىيىدا ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىن كەلگەن ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىدا يەكەن ناھىيە ئارسلانباغ يېزىلىق شىپاخانىنىڭ باشلىقى، 45 ياشلاردىن ھالقىغان، كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق، ئوتتۇرا بوي، ئاق پىشماق، چېھرىدىن غەيرەت ـ شىجائىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بىر ئايال ئەمگەك نەمونىچىلىرى قاتارىدا يىغىن سەھنىسىگە چىقىپ ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ قولىدىن «ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نەمۇنىچىسى» دېگەن شەرەپلىك گۇۋاھنامە، ئالتۇن لوڭقا ۋە 2000 يۈەن نەقپۇل قاتارلىق ماددىي بۇيۇملارنى قوبۇل قىلغاندا يىغىن ئەھلى ئۇزۇنغىچە گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى ياڭراتتى.

يەكەن ناھىيىسىنىڭ يەكەن بازىرىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان تاجىنىسا ھېزىم 1965 ـ يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ شۇ يىلى 9 ـ ئايدا قەشقەر ۋىلايەتلىك تېببىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىندى. 1967 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئەلا نەتىجىلىرى بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئاتالمىش مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىكى «سول»چىل لۇشىيەننىڭ ئېغىر بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن شۇ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا خىزمەت تەقسىم قىلىنماي، يېزا، كەنتلەرگە بېرىپ ئەمگەك ئارقىلىق قايتا تەربىيە ئېلىشقا تەقسىم قىلىندى. تاجىنىسا ھېزىممۇ ناھىيە مەركىزىدىن 25 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئارسلانباغ يېزىسىغا قايتا تەربىيە ئېلىشقا تەقسىم قىلىندى. يېزا رەھبەرلىكى تاجىنىسانىڭ ئوقۇغان سەھىيە تېببىي مەلۇماتىغا ئاساسەن ئۇنى ھەر ئېيىغا 15 يۈەن ئىش ھەققى بېرىش ئاساسىدا يالاڭئاياغ دوختۇرلۇققا ئورۇنلاشتۇردى.

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن تاجىنىسا يەكەن ناھىيىسىنىڭ ئارسلانباغ يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسىغا سېسترالىق خىزمىتىگە تەقسىم قىلىندى. ئۇ خىزمەتكە چۈشكەن كۈندىن باشلاپ ئۆز كەسپىگە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلاپ مەكتەپتە ئۆگەنگەن نەزەرىيە بىلىملىرىنى ئەمەلىيەت بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن پېشقەدەم دوختۇر سېسترالارنى ئۇستاز تۇتۇپ، ھەر خىل كېسەللىكلەر ۋە ئۇنى داۋالاش ئۇسۇللىرىنى ئۆگەندى. ئۇ بىر تەرەپتىن سېسترا يەنە بىر تەرەپتىن تۇغۇت ئانىسى بولۇپ، ئاياللارنىڭ تۇغۇت ئىشلىرىغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ تېزلا ئامىغا تونۇلدى. 17، 18 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان يۇمران، نازۇك قىز خىزمەت ۋە تۇرمۇش شارائىتىنىڭ قىيىن بولۇشىدىن كەنت، مەھەللىلەرنىڭ، ئاھالىلەرنىڭ تارقاق بولۇشىدىن قورقماي خىزمەتنىڭ قىيىنىنى تالىشىپ ئىشلىدى. ئۇ كۈنگە 10، 15 كىلومېتىر

يولنى پىيادە مېڭىپ، سەييارە كېسەل داۋالاپ كەلگەن
بىمارلارنى ئاغرىقتىن قۇتقۇزدى. ئۇ مەيلى قىشنىڭ شى-
ۋىرغان سوغۇقلىرىدا، ياز ئايلىرىنىڭ تومۇز ئىسسىقلىرى-
دىمۇ كەنتمۇ كەنت، ئائىلمۇ ئائىلە يول يۈرۈپ ھامىلدار
ئاياللارنىڭ مېھرىبان ئانىسىغا ئايلاندى. ئۇ 1967 ـ يىل-
دىن 2000 ـ يىلى يىل ئاخىرلىرىغىچە ئىلگىرى ـ ئاخىر
بولۇپ 260 نەپەردىن كۆپرەك قىيىن تۇغۇتنى بىخەتەر
تۇغدۇرۇپ كەلگەن ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. 1995 ـ يىل
4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى كېچە تۈن يېرىم بولغان چاغ ئى-
دى. بۇ يېزىنىڭ 4 ـ كەنت 3 ـ مەھەللىسىدىن نامەلۇم بىر
كىشى ئايالىنىڭ بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلىپ ئا-
يالنى بىخەتەر تۇغدۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تاجىنىسا
ھېزىمنىڭ ئۆيىگە كېلىدۇ. ئالدىنقى كۈندىكى خىزمەت
ھاردۇقى بېسىپ چارچاپ شىرىن ئۇيقۇغا كەتكەن تاجىنىسا
دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئېشەك ھارۋىسى بىلەن 4 كى-
لومېتىر يول يۈرۈپ ھېلىقى ئايالنى بىخەتەر تۇغدۇرۇپ
قويۇپ قايتىپ كېلىدۇ. 1996 ـ يىلى قىش ئايلىرىنىڭ بىر
كېچىسى قىشنىڭ نەشتەردەك تېگىدىغان شۇۋىرغان سو-
غۇق كۈنى ئىدى. 13 ـ كەنتتىن زوراخان تۇرۇپنىڭ تۇ-
غالماي قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان تاجى-
نىسا تۈن يېرىم بولغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ ھېچ ئىككى-
لەنمەي ئىككى كىلومېتىردىن كۆپرەك يول يۈرۈپ تۇ-
غۇتى قىيىن ئەھۋالغان چۈشۈپ قالغان ھامىلىنى بىخەتەر
تۇغدۇرۇپ ئائىلىسىدىكىلەرنى خۇرسەن قىلدى. بۇنداق
مىساللار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، يۇقىرىقىلار تىپىك
مىسالدۇر.

تاجىنىسا ھېزىم سەھىيە سېپىدە ئىشلىگەن 33 يىلدىن
بۇيان پارتىيىنىڭ سەھىيە خىزمىتىگە ئىزچىل سادىق بو-
لۇپ يېزىدىكى 13 مىڭدىن كۆپرەك ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ بىر قانچە يىللىق سە-
ھىيە سېپىدە ئىشلىگەن جاپالىق ئەجرى بىكار كەتمىدى.
1980 ـ يىلى 7 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ
ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى. 1985 ـ يىلى 5 ـ ئايدا قەشقەر
ۋىلايىتى بويىچە مۇنەۋۋەر سېسترا بولۇپ باھالىنىپ
تەقدىرلەندى. 1997 ـ يىلى ناھىيىلىك 12 ـ نۆۋەتلىك
خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلاندى. ناھىيىلىك
سەھىيە ئىدارىسى تاجىنىسانىڭ كەسپى ۋە باشقۇرۇش قا-
بىلىيىتىنىڭ يۇقىرىلىقىغا ئاساسەن 1991 ـ يىلى يېزىلىق
شىپاخانىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى. ئۇ خىزمەت مەسئۇ-
لىيىتىنىڭ ئېغىرلاشقانلىقىنى ھېس قىلىپ بىر تەرەپتىن
كەسپىي جەھەتتە باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرسە يەنە
بىر تەرەپتىن دوختۇر، سېستىرالارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى
ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىرگە ھەر قايسى
ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى تولۇق
جارى قىلدۇرۇپ بىمارلار ئۈچۈن ئەلا مۇلازىمەت قىلدى.

بىر ئۆينىڭ بىر ھەسسە خۇشاللىقى ياكى غېمى بولسا
بىر ئىدارە ۋە بىر ئورۇننىڭ ئۇنىڭدىنمۇ نەچچە ھەسسە
كۆپ خۇشاللىقى، غېمى بولىدۇ. تاجىنىسا ھېزىم 1991 ـ
يىلدىن ئىلگىرى شىپاخانىدا دوختۇر، سېسترا بولۇپ
ئىشلىگەن بولسا 1991 ـ يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ خىزمەت
سالمىقى نەچچە ھەسسە كۆپەيدى. ئىلگىرى بىرلا خىز-
مەتنى ئويلىسا ئەمدى ئۇ شىپاخانىنىڭ ئومۇمىي خىزمەت-
لىرىنى ئويلايدىغان بولدى. ئۇ شىپاخانا باشلىقى بولۇپ
تەيىنلەنگەندىن كېيىن، شىپاخانىدا نۇرغۇن ئىشلار ئۇنىڭ
بىر تەرەپ قىلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئەڭ بېشىنى
قاتۇرىدىغان ئىش شۇ بولدىكى 1956 ـ يىلى كېسەك بىلەن
سېلىنغان شىپاخانا ئامبۇلاتورىيىسى كونىراپ خەتەرلىك
ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقى، خىزمەت شارائىتىنىڭ ئەڭ تۆ-
ۋەنلىكى، دوختۇر، سېستىرالارنىڭ ئىشخانىلىرىنىڭ، بال-
نىتسىلارنىڭ ناچار شارائىتىنى قانداق قىلىپ ياخشىلاش
كېرەك؟ دېگەن خىياللار ئۇنىڭ كاللىسىنى چىرمىۋالدى.
ئۇ قەتئىي نىيەتكە كەلدى ـ دە، يېزا، ناھىيە، ۋىلايەتتىكى
ئالاقىدار ئورۇنلارغا دوكلات يېزىپ شىپاخانىنىڭ داۋالاش
شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن مەبلەغ ھەل قىلىپ بېرىش
توغرىسىدا كۆپ قېتىم قاتراپ يۈرۈپ 1995 ـ يىلى يۇقى-
رىنىڭ 160 مىڭ يۈەن مەبلەغ ھەل قىلىپ بېرىشىنى قولغا
كەلتۈرۈپ 1996 ـ يىلدىن بۇيان 2500 كۋادرات مېتىرلىق
كۆلەمدىكى كېسەلخانا، تۇغۇت ئۆيى، ئامبۇلاتورىيە، بال-
نىتسا قاتارلىق بىر يۈرۈش قۇرۇلۇشلارنى قىلدۇردى.
داۋالاش شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشى بىلەن يېزىلىق

شىپاخانىدىن ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا يۆتكەپ بېرىدىغان كېسەللەر يىلدىن ـ يىلغا ئازايتىلدى. 1998 ـ يىلدىن 2000 ـ يىلغىچە يېزىلىق شىپاخانىدا داۋالانغان كېسەللەر 50 مىڭ ئادەم قېتىمغا، تېز قۇتقۇزۇۋېلىنغىنى 41 ئادەم قېتىمغا يەتتى. 1994 ـ يىلدىن 2000 ـ يىلغىچە 26 نەپەر باققۇچىسى يوق، ئاجىز، مېيىپ، قېرى بىمارلارنىڭ ئۆزى تۆلەشكە تېگىشلىك 15 مىڭ يۈەن داۋالاش پۇلىنى كەچۈرۈم قىلدۇرۇپ بىمارلارنىڭ چوڭقۇر ئىززەت ھۆرمىتىگە ئېرىشتى ۋە شىپاخانىدىكى تېببىي خادىملارنى ھەرىكەتلەندۇرۇپ 2000 يۈەن ئىئانە توپلاپ قارىغۇچىسى يوق كېسەللەردىن ھال سورىدى.

يەكەن ناھىيە بازىرىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان تاجىنىسا بۇ خىلۋەت، نامرات يېزىدا يىلتىز تارتىپ 33 يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزدى. ئۇ ئاق خالات بىلەن ئۆتكەن 33 يىل جەريانىدا تەشكىلگە يۆتكىلىش توغرىسىدا بىر قېتىممۇ شەرت قويمىدى. دوختۇرخانىنى شان ـ شەرەپكە ئېرىشتۈردىكى ھەرگىزمۇ ئارقىدا قالدۇرمىدى. ئۇنىڭ خىزمەتتىكى كىچىك پېئىللىقى، خۇشخۇيلۇقى، بىمارلار بىلەن بولغان چىقىشقاقلىقى، ئىللىق مۇئامىلە قىلىشى، خىزمەتتىكى مەسئۇلىيەتچانلىقى بىلەن ئارسلانباغ يېزىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چىن قەلبىدىن ئورۇن ئالدى. 1999 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى گۈلبوستان يەكەن ناھىيىسىنىڭ سەھىيە خىزمەتلىرىنى تەكشۈرگەندە ئارسلانباغ يېزىلىق خەلق شىپاخانىنىڭ ئىشلىگەن خىزمەتلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى ۋە ناھىيىدىكى ھەر دەرىجىلىك يېزا ـ بازارلىق شىپاخانىلارنى بۇ دوختۇرخانىدىن ئۆگىنىشكە چاقىردى. تاجىنىسا ھېزىمنىڭ سەھىيە خىزمىتىگە سىڭدۈرگەن ئەجرى، ياراتقان تۆھپىسى بۇ يەردىكى خەلقنىڭ قەلبىگە ئورناپ ھۇجۇدىغا سۇ بولۇپ سىڭىپ كەتتى. تاجىنىسا ھېزىم 1999 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە سەھىيە نازارىتى ئاچقان شىنجاڭنىڭ سەھىيە سىستېمىسىدىكى 50 نەپەر سەھىيە تېببىي خىزمەتچىلىرىگە «ۋۇدېڭيۇنچە ئۈلگار تېببىي خىزمەتچى»لەرنى تەقدىرلەش يىغىنىدا تاجىنىسا ھېزىممۇ قەشقەر ۋىلايىتىدىن كەلگەن 3 نەپەر ۋۇدېڭيۇنچە ئۈلگار تېببىي خىزمەتچى قاتارىدا مۇكاپاتلاندى ۋە شەرەپ مېدالىغا ئېرىشتى. 2000 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئۈلگار كوللېكتىپ، ئۈلگار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ شەرەپ گۇۋاھنامىسى، ئالتۇن مېدال ۋە 2000 يۈەن نەق پۇل بىلەن مۇكاپاتلاندى ۋە تەقدىرلەندى.

ئۇ يېڭى ئەسىر كىرىشى بىلەنلا تېخىمۇ غەيرەتكە كەلدى، ئۇ چەكسىز دالىغا، كۈندىن ـ كۈنگە گۈللىنىپ يېڭى قىياپەت يارىتىۋاتقان ئارسلانباغ زېمىنىغا مۇھەببەتلىك كۆزىنى تىكتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئارسلانباغ زېمىنى ئۈچۈن كۆيۈۋاتقان بىر ئوت توختاۋسىز يالقۇنلايتتى ۋە ۋۇدېڭيۇن روھى ئۇنى تېخىمۇ ئالغا ئۈندەيتتى.

ئاپتور «يەكەن گېزىتى»دىن

مەسئۇل مۇھەررىر: تاھىر مامۇت

## رەقىبىگە كۆز قۇلاق بولۇش

ئىككى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ۋاسكېتبول ئەترىتى بىر مەيدان كەسكىن مۇسابىقىگە چۈشتى. تېرېنېر ئەزالىرىنى مۇسابىقە تەجرىبىسىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئەڭ كىچىك تەنھەرىكەتچىنى مەيدانغا چۈشۈشكە بۇيرۇپ، رېپېر پۇشتەك چېلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا: «سەن 4 ـ نومۇرلۇق ماھىرغا دىققەت قىل، ئۇ نەگە بارسا، سەن شۇ يەرگە بار.» دەپ تاپىلىدى، بىر ئازدىن كېيىن تېرېنېر ئۆز ئادىمى تەرەپتە بىر ئادەمنىڭ كەملىكىنى بايقاپ، ئەتراپىنى ئىزدىدى ـ دە، بۇ كىچىك تەنھەرىكەتچىنىڭ قارشى تەرەپنىڭ 4 ـ نومۇرلۇق ماھىرى بىلەن بىرگە ئورۇندۇقتا ئولتۇرغىنىنى كۆردى.

# «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئىدىيىسىنى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك

رېن داۋېن

يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار پارتىيىنىڭ نەزەرىيىسى، لۇشيەنى ۋە فاڭجېن سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرگەندە، ئۆزلىرى شۇغۇللىنىۋاتقان تۈرلۈك ئىشلاردا «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. ئۆزلىرى قوللانغان تەدبىرلەر، قىلغان ئىشلىرىنىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» تەلىپىگە ئۇيغۇن بولغان ـ بولمىغانلىقىغا قاراپ بېقىشى كېرەك. ئۇيغۇن بولغانلىرى بولسا ئۇنى قەتئىي ئىجرا قىلىشى، تولۇق ئۇيغۇن بولمىغانلىرى بولۇپ، تەكشۈرۈپ تولۇقلاشقا توغرا كېلىدىغانلىرى بولسا ئۇنى پائال تەكشۈرۈپ تولۇقلىشى، ئۇيغۇن بولمىغانلىرى بولسا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا دادىللىق بىلەن تۈزىتىپ، بۇ ئارقىلىق ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىپ، كوممۇنىستلاردىكى ئىلغارلىق ھەم دەۋر روھىنى تولۇق نامايەن قىلىشىمىز لازىم. يولداش جياڭ زېمىننىڭ چوڭقۇر بايانلىرى پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىگە نىسبەتەن قويۇلغان ئومۇمىي تەلەپ بولۇپلا قالماستىن، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەشكە قويۇلغان تەلەپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» بىزنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىمىزنىڭ نېگىزى، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىمىزنىڭ ئاساسى، كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ مەنبەسى. شۇنداقلا ئۇ يېڭى ئەسىرگە يۈزلىنىپ كەلگۈسىدىكى رىقابەتنى كۆتۈۋېلىش ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىشتە كۈچلۈك ئىدىيىۋى قورال ۋە ھەرىكەت يۆنىلىشىدۇر. يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ئىشلەش ـــ پارتىيە تاپشۇرغان ئىنتايىن شەرەپلىك ۋە جاپالىق سىياسىي ۋەزىپە بولۇپ، ئۇ شۇ رايون تەۋەلىكىدىكى خەلقنىڭ قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى، نازارەت قىلىش ھوقۇقى، چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىش ھوقۇقى ۋە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشكە ۋەكىللىك قىلىپلا قالماي، يەنە شۇ دەرىجىلىك پارتكومنىڭ زور تەدبىرلىرىنى قانۇن بويىچە تېز، توغرا، ئومۇميۈزلۈك ھالدا دۆلەت ئىرادىسىگە ئايلاندۇرۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئورتاق رىئايە قىلىپ ئىجرا قىلىشقا يېتەكلەيدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقان يولداشلار ئىدىيىۋى نەزەرىيە جەھەتتىن تەربىيىلىنىشنى كۈچەيتىپ، ئۆز خىزمىتىنى سۈپەتلىك ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ماركسىزم نەزەرىيىسىنى ئىخلاس بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىشى ۋە ئىگىلىشى، تۈرلۈك كەسپىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشى كېرەك. بولۇپمۇ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە يولداش جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى بىلەن خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۇنى قانۇن چىقىرىش، نازارەتچىلىك قىلىش ۋە چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قىلىشتا چوقۇم تولۇق نامايەن قىلىشى لازىم. خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسلىق جەڭ مەيدانى ئەمەس، بىراق ئۇ دېموكراتىيە ۋە قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسلىق جەڭ مەيدانى. «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» تەلىپى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن يەنە نۇرغۇن ئىشلار بىزنىڭ ئىشلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا. بىر كوممۇنىست ئۈچۈن ئېيتقاندا، بولۇپمۇ

2010

پارتىيىلىك رەھبىرى كادىر ئۇچۇن ئېيتقاندا، پارتىيىۋىلىك ۋە پارتىيە ئىستىلى جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى يۇقىرى ئۆلچەم بويىچە ئاكتىپ ھەل قىلىپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش»تىن ئىبارەت بۇ تەلەپنى تىرىشىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كوممۇنىستلارنىڭ ئىلغارلىقىنى ساقلاپ، دۇنيا قارىشىنى ئەستايىدىل ئۆزگەرتىپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش»نى باشلامچىلىق بىلەن ئىجرا قىلىشى كېرەك.

«ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» تەلىپىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش»نىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئومۇميۈزلۈك ئۆزلەشتۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ نۆۋەتتىكى مۇھىم ۋەزىپىسىنى توغرا بىلىۋېلىشى كېرەك. «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» تەلىپىنى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى ئەمەلىيىتىدە ئۆزلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىستراتېگىيىسىنى نىشان قىلىپ، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، مەركەزنىڭ يېڭى ئەسىرگە يۈزلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرلىرىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق خىزمەتلىرىدە دۇچ كېلىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا، چىقىرىلىدىغان قانۇنلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، نازارەت قىلىش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ؛ ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا باشتىن ـ ئاخىرى چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە رەھبەرلىكىدە ئاكتىپلىق ھالدا چىڭ تۇرۇشقا، پارتىيە رەھبەرلىكى بىلەن خەلق دېموكراتىيىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش قىلىشنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈشكە، «ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش» فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەت بىلەن سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ؛ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت تۈپ مەقسەتتە باشتىن ـ ئاخىرى چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشقا، ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئاممىسى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت باغلاپ، خەلق ئاممىسىنىڭ نازارەتچىلىكىنى ئاكتىپ قوبۇل قىلىپ، قانۇندا بەلگىلەنگەن خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈپ، ئىسمى جىسمىغا لايىق خەلقنىڭ چاكىرى بولۇشقا توغرا كېلىدۇ.

(«خەلق گېزىتى»نىڭ 2001 ـ يىل 20 ـ ئىيۇن سانىدىن ئابدۇۋەلى مامۇت تەرجىمىسى)

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم

## «ۋەكىللەر تەۋسىيىسىنىڭ بېجىرىلىش ئەھۋالى توغرىسىدا پىكىر ئېلىش جەدۋىلى» نى ئەۋەتىپ بېرىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش

ۋەكىللەر:

ۋەكىللەرنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش، تەكلىپ ۋە تەۋسىيىنىڭ بېجىرىلىش سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، كومىتېتىمىز ھەر قايسى بېجىرگۈچى ئورۇنلاردىن ھەربىر پارچە تەۋسىيىگە جاۋاب بەرگەندە «ۋەكىللەر تەۋسىيىسىنىڭ بېجىرىلىش ئەھۋالى توغرىسىدا پىكىر ئېلىش جەدۋىلى» نى قوشۇپ ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلغان. ھازىرغا قەدەر ھەرقايسى بېجىرگۈچى ئورۇنلار 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4 ـ يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەۋسىيىلەرنىڭ %80 تىن كۆپرەكىگە جاۋاب بەردى ھەمدە «تەۋسىيىنىڭ بېجىرىلىش ئەھۋالى توغرىسىدا پىكىر ئېلىش جەدۋىلى» نى جاۋابنامىگە قوشۇپ ئەۋەتتى. ئەمما بەزى ۋەكىللەر تەلەپ بويىچە «تەۋسىيىنىڭ بېجىرىلىش ئەھۋالى توغرىسىدا پىكىر ئېلىش جەدۋىلى» نى بىزگە ئەۋەتىپ بەرمىدى. ۋەكىللەرنىڭ تەۋسىيىنى بېجىرىش خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشىمىز ئۈچۈن، جاۋابنامىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، جاۋابنامىگە رازى بولغان ياكى بولمىغانلىقىغا قارىتا «تەۋسىيىنىڭ بېجىرىلىش ئەھۋالى توغرىسىدا پىكىر ئېلىش جەدۋىلى» نى تېزدىن بىزگە ئەۋەتىپ بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەر ـ كادىرلار خىزمىتى كومىتېتى

2001 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى

# مەكتەپ مۇدىرلىرىنى تەيىنلەشتە دېموكراتىيىنىڭ رولىنى تولۇق — جارىي قىلدۇرۇش كېرەك



سادىق نىياز

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرلىرىنى تەيىنلەشتە يۇقىرى دەرىجىلىك مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى ۋە ئالاقىدار ئورۇنلار تەيىنلەپ چۈشۈرۈپ بېرىش ئۇسۇلى يولغا قويۇلۇۋاتىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن مەكتەپ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەنلەرنىڭ بىر قىسمى كەسپىي مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرىلىقى، ئەمەلىي خىزمەت تەجرىبىسىنىڭ موللىقى، مەكتەپ باشقۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، تەشكىللەش، يېتەكلەش، ماسلاشتۇرۇش قابىلىيىتىنىڭ ياخشى بولۇشى بىلەن تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى نەتىجىلىك ئىشلەپ، مەكتەپنى ئىلمىي ۋە دېموكراتىك باشقۇرۇپ، يۇقىرى ئۇنۇم يارىتىش ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، ئۆز ۋەزىپىسىنى سۈپەتلىك ئورۇنداپ پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئۈمىدىنى ھەقىقىي ئاقلىغان بولسىمۇ لېكىن، يەنە بىر قىسمىلىرى ئۆز خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي تەلىم ـ تەربىيە ۋەزىپىسىنى سۈپەتلىك ئورۇندىيالمىغانلىقتىن ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ نارازىلىقىغا ئۇچراۋاتىدۇ. بۇنداق بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەب: بىرىنچىدىن، مەكتەپ مۇدىرلىرىنى تەيىنلەيدىغان ئالاقىدار ئورۇنلار مەكتەپلەرگە مۇدىر تەيىنلەشتە مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلاردىن پىكىر ئالمىغان، پىكىر ئالغان تەقدىردىمۇ ئىنتايىن ئاز بىر قىسىملاردىنلا پىكىر ئېلىش بىلەن چەكلىنىپ ئۆزىگە پايدىلىق شارائىت يارىتىپ، دېموكراتىيىنىڭ رولىنى تولۇق جارىي قىلدۇرمىغان. نەتىجىدە ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئۆزلىرى ئىشەنمەيدىغان، ھۆرمەتلىمەيدىغان، ئەگەشمەيدىغان مەكتەپ مۇدىرلىرىنى سايلاش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولۇپ، ئاكتىپچانلىقى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىگەن. ئىككىنچىدىن، خىزمەت ئىستىلى چىرىك، غايىسى تۇتۇق، سىياسىي تۆۋەن، مەيدانىنى يوقاتقان بىر قىسىم مەسئۇل كىشىلەر مەكتەپ مۇدىرلىرىنى بېكىتىشتە يۇرتۋازلىق، تەرەپبازلىق، مەزھەپچىلىك قىلىپ، ئومۇمىيلىقنى، پرىنسىپنى كۆزگە ئىلماي، پارتىيە ۋە خەلق مەنپەئىتىنى دوغا تىكىپ ساۋاقدىشىم، دوستۇم، يېقىنىم دەپ قاراپ، نورمال بولمىغان غەيرىي ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ ھېچقانداق ئەمەلىي خىزمەت تەجرىبىسى، ھەقىقىي خىزمەت نەتىجىسى، سىياسىي ساپاسى، كەسپىي سەۋىيىسى، باشقۇرۇش ئىقتىدارى يوق، زامانىۋى مەكتەپ باشقۇرۇش ئىلمىدىن خەۋىرى بولمىغان كىشىلەرنى مەكتەپ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەشتەك نامۇۋاپىق ئەھۋاللارنى سادىر قىلىپ مەكتەپ باشقۇرۇش ئىستىلى، مەكتەپ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى، ئوقۇتۇش، ئىسلاھات قاتارلىق جەھەتلەردە نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت ھەم ۋەزىپىلەرگە ئۇيغۇنلىشالماسلىقتەك ئەھۋاللار كېلىپ چىقماقتا. بۇنىڭ بىلەن بەزى مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ھەقىقىي ئىقتىدارلىق، ئۆزلىرى ئىشەنگەن، ھۆرمەت قىلىپ ئەگەشكەن مەكتەپ مۇدىرلى-


رىغا ئېرىشەلمەي، ئۇلارنىڭ خىزمەت ئاكتىپچانلىقىغا ئېغىر
دەرىجىدە تەسىر يەتتى. بۇنداق ئەھۋالدا «مال مىبلى
بىلەن، خىل خىلى بىلەن» دېگەندەك بىر قىسىم ئىقتىدا-
رى يوق ساپاسىزلار يۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ، كۆز ئۆت-
كۈزۈشنىڭ كويىغا چۈشۈپ ھەر خىل رەزىل ۋاستىلەردىن
پايدىلىنىپ تاپان يالاپ، خۇشامەت قىلىپ ئىدىيىسى
مۇستەھكەم بولمىغان مەكتەپ مۇدىرلىرىنىڭ كۆزلىرىنى
بوياپ رەھبەرلىك بەنزە ئىچىگە سۇقۇنۇپ كىرىۋېلىپ،
بىر تۈركۈم سۈپەتسىز مەكتەپ رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى
شەكىللەندۈرۈپ تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىگە توسالغۇلۇق
قىلىپ مىللىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتىنى بوغماقتا. بۇنداق
ئەھۋالغا چىداپ تۇرالمىغان بىر قىسىم مەسئۇلىيەتچان،
ۋىجدانلىق ئوقۇتقۇچىلار مەكتەپنىڭ ئەھۋالىنى يۇقىرىغا
ئەينەن ئىنكاس قىلغان بولسىمۇ لېكىن، مۇناسىۋەتلىك
ئورۇنلار بۇ ئىنكاس ـ تەكلىپلەرگە جىددىي قاراپ ۋاقتىدا
تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ ساقلانغان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا
بىر تەرەپ قىلىپ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەندىشىسىنى تۈگە-
تىشكە يېتەرلىك كۈچ چىقارمايۋاتىدۇ. يەنە كېلىپ يۇقىرى
دەرىجىلىك باشقۇرغۇچى ئورۇنلاردىكى بىر قىسىم كىشى-
لەر مەكتەپ مۇدىرى توغرىسىدا بولۇنغان ئىنكاس، تەك-
لىپلەرنى مەكتەپ مەسئۇللىرىغا يەتكۈزۈپ قويۇپ ئامما
بىلەن مەكتەپ مۇدىرى ئوتتۇرىسىدا بەزى ئورۇنسىز
زىددىيەتلەرنى پەيدا قىلىپ نورمال خىزمەت تەرتىپىگە
ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق قىلدى. نەتىجىدە مەكتەپ
مۇدىرلىرى شۇ ئوقۇتقۇچىلاردىن خىلمۇخىل ۋاستىلەرنى
قوللىنىپ ئۆچ ئالدىغان، ئوقۇتقۇچىلار يەكلىنىپ يۆتكە-
لىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدىغان، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇ-
راقلىقىغا تەسىر يېتىپ خىزمەتنى كۆيۈنۈپ، ئەستايىدىل
ئىشلەشكە ئىنتىلمەيدىغان، مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئىستىلى
بۇزۇلۇپ، تەربىيىلەش سۈپىتى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ،
تەلىم ـ تەربىيە پائالىيىتى نىشانىدىن، يۆنىلىشتىن چەتنەپ
كېتىدىغان ئەھۋال يۈز بەرمەكتە. بۇنداق ئەھۋاللار ساپا
مائارىپىغا يۈزلىنىپ مائارىپنى قانۇن ئارقىلىق يولغا قو-
يۇش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈنلەردە تۈزىتىلمەي
يەنىلا داۋاملىشىپ دېموكراتىك ئاساستا مەكتەپ باشقۇ-
رۇش تۈزۈملىرى ئورنىتىلمايدىغان بولسا مىللىي
مائارىپنىڭ ئىستىقبالى سىياسىي جەھەتتە ئىشەنچلىك،
ئەخلاقى دۇرۇس بولغان ئىزباسارلارنى تەربىيىلەپ
يېتىشتۈرۈپ چىقىشتىن ئىبارەت مۇقەددەس ۋە شەرەپلىك
ۋەزىپىنى ئورۇنلىغىلى بولمايدۇ.

شۇڭا مەكتەپ مۇدىرلىرىنى تەيىنلەشتە نۆۋەتتىكى
سىياسىي ئىسلاھاتقا ماسلىشىپ ئۆزى بېكىتىپ ئۆزى تە-
يىنلەيدىغان بۇنداق ئاممىۋى ئاساسى يوق كونا، قاتمال
ئۇسۇلنى قەتئىي ئىسلاھ قىلىپ، ھوقۇقنى تۆۋەنگە چۈ-
شۈرۈپ مەكتەپ مۇدىرلىرىنى تاللاپ بېكىتىشتىن بۇرۇن
ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ ئاممىنىڭ رايىنى سىناپ
كەڭ ئوقۇتقۇچىلاردىن پىكىر ئېلىپ، مەكتەپكە كەڭ ئامما
ئىچىدە دېموكراتىيىنىڭ رولىنى ھەقىقىي، تولۇق جارى
قىلدۇرۇپ بىۋاستە سايلام ئېلىپ بېرىپ ھەم تەكلىپ قى-
لىش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىز-
مەتچىلەر ئۆزلىرى ھىمايە قىلىدىغان، ئۆزلىرى ئەگىشە-
دىغان، ئىشىنىدىغان، سىياسىي مەيدان، سىياسىي يۆنە-
لىش، سىياسىي ئىدىيە، سىياسىي ئەخلاق، سىياسىي ھەرد-
كەت، سىياسىي ئىنتىزام جەھەتتە ئىشەنچلىك، سىياسىي
سەزگۈرلۈكى ۋە سىياسىي پەرق ئېتىش ئىقتىدارى يۇقىرى
بولغان، مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى،
مائارىپنىڭ نىشان، مەقسەت، ۋەزىپىسىنى پىششىق بىلە-
دىغان، يۇقىرى باشقۇرۇش ئىقتىدارى ۋە زامانىۋى مەك-
تەپ باشقۇرۇش بىلىملىرىگە، زۆرۈر بولغان مائارىپ ۋە
ئوقۇتۇش نەزەرىيىسى ۋە مول كەسپىي بىلىملىرىگە ئىگە
بولغان، كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىغا ۋە كەسىپ-
چانلىق روھىغا ئىگە بولۇپ مائارىپ خىزمىتىگە ئۆزىنى
بېغىشلاش روھىنى يېتىلدۈرگەن، تۆھپە قوشۇش نۇق-
تىئىنەزەرىنى تىكلىگەن، ئوقۇتۇش، تەربىيىلەش قانۇنى-
يىتىنى پۇختا ئىگىلىگەن، بەلگىلىك ئەمەلىي خىزمەت
تەجرىبىسىگە، تەشكىللەش، باشقۇرۇش، قوماندانلىق قى-
لىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان، كەسپىي جەھەتتە ماھىر-
لاشقان، باشقۇرۇش ئىلمى جەھەتتە مۇتەخەسسىسلەش-
كەن، ئۈنۈم، تۆھپە يارىتىش، نەتىجە قازىنىش ئىشەنچى-
سىنى تۇرغۇزغان، ئوقۇتقۇچىلارغا قاتتىق تەلەپ قويۇپ،
قىزغىن ياردەم بېرىپ، سەممىي غەمخورلۇق قىلىپ،
روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ سىياسىي

جەھەتتە ئۇلارغا ئىشىنىپ، ئىدىيە جەھەتتە ھەمكارلىشىپ، ھەرىكەت جەھەتتە توغرا يۆنىلىشكە يېتەكلەپ، تۇرمۇش جەھەتتە كۆيۈنۈپ، قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ خاتىرجەم خىزمەت قىلىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرەلەيدىغان، پېكىرلىرىگە ھۆرمەت قىلىپ يېڭىلىق يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرەلەيدىغان، ئۆگىنىشتە تىرىشچان، كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، راستچىل، سەممىي، تۇرمۇشتا ئاددىي ـ ساددا بولۇپ ئوقۇتقۇچىلارنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ مەكتەپنى جانلىق، ئېتىك، جۇشقۇن، ئىناق ـ ئىتتىپاق بولغان بىر ئائىلىگە ئايلاندۇرالايدىغان، دېموكراتىك مەكتەپ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى تۇرغۇزۇپ مەكتەپنىڭ بىر پۈتۈن خىزمەتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ مۇھىم نوقتىنى گەۋدىلەندۈرەلەيدىغان، خىزمەت تەقسىماتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ئۆز مەكتىپىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، سىياسىۋىلىكى يۇقىرى، ئىلمىيلىككە، مۇقىملىققا، ماسلىشىشچانلىققا، ئاممىۋىلىققا ئىگە بولغان مەكتەپ باشقۇرۇش، ئوقۇتۇش تۈزۈملىرىنى بېكىتىپ، يولغا قويۇپ ئىجرا قىلالايدىغان، ئوقۇتۇشنى ئاساس قىلىش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇپ مۇقىم، يۇقىرى سۈپەتلىك ۋە مۇۋاپىق سۈرئەتلىك ھەم قېلىپلاشقان ئوقۇتۇش تەرتىپىنى ئورنىتىپ ئىلغار ئوقۇتۇش ۋاستىلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئوقۇتۇشنى مەركەز قىلغان كۆپ تەرەپلىملىك تەلىم ـ تەربىيە پائالىيەتلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ۋە تەربىيىلەش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرەلەيدىغان، سوتسىيالىستىك مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، توغرا رەھبەرلىك سەنئىتىنى يېتىلدۈرۈپ مەكتەپنى ئۆلچەملىك، قېلىپلىق باشقۇرالايدىغان، ئۈزلۈكسىز بىلىم يېڭىلاشقا ئەھمىيەت بېرىپ ئەقىل كۆرسىتىپ، چارە تېپىپ خىزمەتلەرنى توغرا يۆنىلىشكە باشلىيالايدىغان، مەكتەپ باشقۇرۇشتا پارتىيە، خەلق مەنپەئىتىنى تۈپ مەركەز قىلىپ، ئۆزىنىڭ پاك ـ دىيانەتلىكلىكىنى ساقلاپ، ئادىل بولۇپ ئوقۇتقۇچىلارغا باراۋەر مۇئامىلە قىلىپ ئۇلارنى چۈشىنىشكە، ئىشلىتىشكە، ئىشىنىشكە، تايىنىشقا بولالايدىغان، كەمتەر، سەممىي، چىقىشقاق، نىيىتى دۇرۇس، ئىستىلى توغرا، ئېھتىياتچان، مۇلايىملىق ئادىتىنى يېتىلدۈرۈپ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلالايدىغان، ئىتتىپاقلاشقان، جەڭگىۋارلاشقان، كەسىپلەشكەن مەكتەپ رەھبەرلىك بەنزىسىنى تەشكىللەپ ئۆز ئىناۋىتىنى ئوقۇتقۇچىلار قەلبىدە تۇرغۇزۇشقا ماھىر بولالىغان ئوقۇتقۇچىلار بىلەن سىردىشىپ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سىرداش دوستى بولۇپ، ئۇلارنىڭ پىكرىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ ئەقىل ـ پاراستىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالايدىغان، كىتاب ئوقۇتۇپ ئادەم تەربىيىلەش خىزمىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن قويغان مۇۋاپىق تەلەپ، تەكلىپ ـ پىكىرلەرنى ئەستايىدىل قوبۇل قىلالايدىغان، ئىقتىدارلىقلارنى دادىل ئىشلىتىشكە ماھىر بولغان قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى مەكتەپ مۇدىرى قىلىپ تەيىنلەش لازىم. شۇنداق بولغاندىلا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ، ئىدىيىسى تۇراقلىشىپ، خىزمەتتىكى ئاكتىپچانلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ مۇناسىۋەت يېقىن، ھېسسىيات ئورتاش بولۇپ، مەكتەپ مۇدىرى بىلەن بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە جان كۆيدۈرۈپ ھەققىي ئىشلەپ، دادىل ئىزدىنىپ، يۇقىرى ئۈنۈم، يۇقىرى نەتىجە قازىنىشقا ئىنتىلىپ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ۋە تەربىيىلەشكە سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كۈچ چىقىرىدۇ.

**ئاپتور: قاراقاش ناھىيە يېڭىيەر يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتىن**

**مەسئۇل مۇھەررىر: تاھىر ماموت**





# باللارنىڭ كومپيۇتېر تورىغا ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ كېتىشىدىن ساقلىنايلى

جياڭ فاڭجۇ مۇھەببەت تۇيغۇسى ئويغانغان قىز ـ يىگىتلەر ئۈچۈن «مۇھەببەتلىشىش پىرى» بولۇشقا تامامەن لايىق بولۇپ، ئۇ ماقالىسىدە مۇنداق دەپ يازغان: «قىز بىلەن يىگىت بىر يەرگە كەلگەندە ئەگەر ھەدەپ ئۆتكەن ئىشلىرى توغرىسىدا سۆزلەشسە، بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ تېخى يېقىندىلا توي قىلغان ياشلار ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ؛ ئەگەر ئۇلار كەلگۈسىدىكى ئىشلار توغرىسىدىلا پاراڭلاشقان بولسا، بۇ ئۇلارنىڭ پات يېقىندا توي قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ؛ ئەگەر بىر يەرگە كەلگەن ئەر بىلەن ئايال پەقەت باشقىلارنىڭ ئىشلىرى ئۈستىدىلا سۆزلەشكەن بولسا، بۇ ئۇلارنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئەر ـ خوتۇنلار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.» بۇ نېمىدېگەن مۇپەسسەل نۇقتىئىنەزەر ـ ھە! ئەمما ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ قانچىلىك مۇپەسسەل، قانچىلىك جەزىبىدار سۆزلەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىز 12 ياشلىق بىر قىز بالىنىڭ ئاغزىدىن ئاشۇنداق گەپلەرنىڭ چىقىشىنى كۈتمەسلىكىمىز كېرەك.

ئاشۇ ماقالىنى ئوقۇغىنىمىزدا، يەنە داڭلىق شەخس پى زىسەينى ئەسكە ئالماي تۇرالمايمىز. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، دەل شۇ پى زىسەي تور ئەدەبىياتىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن زىيادە كۈچەپ كەتكەنىدى. لېكىن، ئۇ ئۆزىنىڭ سالغان داۋراڭلىرىدا تورغا قانداق كىشىلەرنىڭ كىرسە بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق بىر نەرسە دېمىگەن، تورغا كىرگۈچىلەرنىڭ ياش چەكلىمىسى ئۈستىدە بىر نېمە دېيىشنى تېخىمۇ خالىمىغان. بۇ ئىشنىڭ ماھارىتى ئىدىيىسىنىڭ قاتماللىشىپ قېلىشى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. بىز كىچىك باللارنىڭ بالدۇر يېتىلىشىگە يول قويۇشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان تەربىيىلەش ئۇسۇلى دەۋالساق بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، بۇ باللارغا نىسبەتەن ئادىللىق بولمايدۇ. باللارنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ بولغان، ئۆزلىرىنىڭ يېشى بىلەن ماسلىشالايدىغان دۇنياسى بولۇشى كېرەك. ئەگەر بىز دۇنيانى كەمسىتىش خىيالىدا بولمىساقلا، باللارنى ئۆزىنىڭ دۇنياسىدىن بەك بالدۇر ئايرىۋەتمەسلىكىمىز لازىم. ھالبۇكى، كومپيۇتېر تورى باللارغا خۇددى سايىدەك ئەگىشىپ يوشۇرۇن تەسىر كۆرسەتمەكتە. باللارنىڭ قولىدىكى مائۇس ئاتا ـ ئانىلارنى تەشۋىشلەندۈرمەكتە، ئۇلار ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ كومپيۇتېر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدە تېڭىرقاپ قېلىۋاتىدۇ. لېكىن، ھېچبولمىغاندىمۇ بىز باللارنىڭ كومپيۇتېر تورىغا زىيادە بېرىلىپ كېتىشىدىن ساقلىنىشى لازىم.

ئون ياشلىق بىر بالا ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ھېيقىماستىن: «سىلەر ئاجرىشىپ كېتىڭلار، مۇھەببەتسىز نىكاھ — ئەخلاقسىزلىقتۇر» دېسە، باللارنىڭ چوڭلارنىڭ ئەخلاق قارىشى ئارقىلىق چوڭلارنىڭ ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشىغا يول قويۇلسا، ئۇنداقتا بىز باللارنىڭ چوڭلارنىڭ ئەخلاق قارىشى بىلەن ئۆز دۇنياسىنى ئۆلچىشىگە قارشى چىقالايمىزمۇ؟

باللار ھامان ئۆسۈپ يېتىلىدۇ، لېكىن ئۇلار پسىخولوگىيە ۋە فىزىئولوگىيە جەھەتتە تەبىئەت قانۇنىيىتى بويىچە تەدرىجىي يېتىلىپ بېرىشى كېرەك، ئەگەر قايسى جەھەتتە بالدۇر يېتىلىپ قالىدىكەن، ئاسانلا چاتاق چىقىدۇ. جياڭ فاڭجۇ: «بالدۇر پىشقان ئالمىنى بازارغا سالساڭ كۆپ پايدا ئالىسەن» دەيدۇ. لېكىن، بالدۇر پىشقان ئالما مەيلى قانچىلىك كۆپ پۇلغا يارىسۇن، ئۇ ھامان ئەڭ بالدۇر ھەزىم قىلىۋېتىلگەن ئالما بولۇپ قالىدۇ، خالاس.

(«شەھەر ئىستېمالى سەھەر گېزىتى»نىڭ 2001 ـ يىل 4 ـ ئاۋغۇست سانىدىن ھاموت ماموت تەرجىمىسى)

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم

# خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەيلى

پىچان ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسى

پىچان ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، بىز خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا باشتىن - ئاخىر ئەھمىيەت بېرىپ كەلدۇق. ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن ھوقۇقىمىزنى ئەستايىدىل ئادا قىلدۇق. كۆپ يىللىق خىزمەت ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىدىكى، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» دىن ئايرىلالمايدۇ ھەتتا شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» غا مۇشتەرى بولۇش، تارقىتىش خىزمىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دائىمىي كومىتېتىمىز رەھبەرلىرى «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى»غا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، تارقىتىش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ كېلىۋاتىدۇ ھەمدە ئۇنى بىر تۈرلۈك مۇھىم خىزمەت قاتارىدا چىڭ تۇتۇپ كېلىۋاتىدۇ. دائىمىي كومىتېتىمىزدىكى بارلىق خادىملارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، تارقىتىش خىزمىتىدە خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشتۇق. بولۇپمۇ مۇشۇ نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى بارلىققا كەلگەندىن بۇيان، مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىمىز ھەر يىلى بىر بالداق كۆتۈرۈلۈپ، ئىزچىل تۈردە شىنجاڭ بويىچە ناھىيە (شەھەر) لەر ئارىسىدا مۇشتەرى سانى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. 2000 - يىلى 758 پارچە ئورۇندىدۇق. شۇ ئارقىلىق خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى تەشۋىقاتىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ قانات يېيىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردۇق.

**1. رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىشلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلدۇق.**

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» سىياسىيلىقى كۈچلۈك، مەخسۇس خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىدىغان ژۇرنال. شۇڭا ئۇنىڭ ئورنىغا باشقىنى دەسسەتكىلى بولمايدۇ. ئۆتكەن يىلى 9 - ئايدا «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» غا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتى باشلىنىشى بىلەنلا، دائىمىي كومىتېتىمىز ئىككى قېتىم مۇدىرلار يىغىنى ئېچىپ، مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، تارقىتىش لايىھەسىنى مۇزاكىرە قىلدى. مەسئۇل خادىم ۋە مۇشتەرى قوبۇل قىلىش دائىرىسىنى بېكىتتى ھەمدە مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، تارقىتىش لايىھەسىنى ناھىيىلىك پارتكومغا دوكلات قىلىپ ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىگە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىپ، پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتۇق. «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» غا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، تارقىتىش يىغىنى ۋە خۇلاسىلەپ تەقدىرلەش يىغىنىنى ۋاقتىدا ئېچىپ، ئالدىنقى يىللىق تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئىلغارلارنى تەقدىرلىدۇق شۇنداقلا بۇ يىللىق مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، تارقىتىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردۇق. ئىلھام بېرىش ۋە چارە كۆرسىتىشتىن ئىبارەت ئۈنۈملۈك شەكىل ئارقىلىق ئورگاندىكى كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مۇشتەرى قوبۇل قىلىش،



2001

تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئاكتىپلىقىنى قوزغىـ
دۇق. كونكرېت خىزمەتلەردە، بۇرۇنقى بەزى ياخشى
چارىلەرنى قوللاندۇق.

**2. تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنىڭ ئاساسىنى پۇختىلىدۇق.**

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دائىمىي كومىتېتىمىز
ئىشخانىنى «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى»نى تەشۋىق قىـ
لىشقا ئۇرۇنلاشتۇرۇپ، ھەر يىلى بىر تېما بەلگىلەپ، نۇقتىلىق
ئارقىلىق دائىرىنى يېتەكلىدى. تۈرلۈك يىغىن ۋە تەكشۈ-
رۈش پائالىيەتلىرىدە ھەم قانۇن، نىزاملارنى تەشۋىق
قىلىش جەريانىدا كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىپلا قالماي،
يەنە ھۆججەت شەكلى ئارقىلىق زور كۈچ بىلەن تەشۋىق
قىلدى. ژۇرنالنىڭ رەھبەرلەرنىڭ مەمۇرىيەتنى قانۇن
بويىچە يۈرگۈزۈشى، قانۇن بويىچە باشقۇرۇشى، دائىمىي
كومىتېت ئورگىنى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ
خىزمەتلەرنى قانۇن بويىچە قانات يايدۇرۇشىدىكى مۇھىم
يېتەكچى ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈردى. كۆپچىلىككە «شىنـ
جاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ ناھىيىمىزنىڭ تۈر-
لۈك ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە قانۇن بويىـ
چە باشقۇرۇشتىكى مۇھىم رولىنى تولۇق تونۇتتۇرۇپ،
مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىگە ياخشى ئاساس سېلىپ
«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى»غا ناھىيىمىزدە بىر ياخشى
مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، تارقىتىش مۇھىتى يارىتىپ بەر-
دى. نۆۋەتتە ناھىيىمىزدىكى پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى،
ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق
رەھبەرلىرى ۋە ئۈچ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە-
كىللىرىنىڭ ھەر بىرسىدە بىر پارچىدىن «شىنجاڭ خەلق
قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى بار. بىز شۇنداقلا «شىنجاڭ خەلق
قۇرۇلتىيى»نى تەشۋىق قىلىشتىن پايدىلىنىپ ۋە «شىنـ
جاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» نى تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق،
خىزمەتلىرىمىزنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تەشۋىق قىلىش پە-
قەتلا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش دېگەن خاتا قاراشلارنى
تۈگەتتۇق. مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، تارقىتىشنى ئۆزد-
ىمىزنىڭ خىزمىتى بىلەن ۋە ناھىيىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى
خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش بىلەن، ناھىيىمىزنىڭ دې-
موكراتىيە، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى، ناھىينى قانۇن بويىـ
چە ئىدارە قىلىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش بىلەن
ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى»غا
مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، تارقىتىش ئارقىلىق خەلق قۇ-
رۇلتىيىنىڭ خىزمەتلىرىنى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرىدىغان
يېڭى يولنى تاپتۇق.

**3. مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، تارقىتىش خىزمىتىنىڭ دائىرىسىنى تىرىشىپ كېڭەيتتۇق.**

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئەمەلىيەتـ
چانلىقى ۋە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقتىن،
مۇشتەرى قوبۇل قىلىش ئوبيېكتلىرى ۋە مۇشتەرىلەرگە
نىسبەتەن، ئاساسلىقى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە
خىزمەتچى خادىملارنىڭ ئەمەلىيىتىگە قاراپ خەلق قۇ-
رۇلتىيى ئورگىنى، پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرى، خەلق
قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى قاتارلىق ئەسلىدىكى مۇشتەرىلەرنى
كېمەيتمەسلىكنى تىرىشىپ ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا كەڭ
كۆلەمدە تەشۋىق قىلىپ قاتلاممۇ قاتلام ئەمەلىيلەشتۈ-
رۈپ، مۇشتەرى قوبۇل قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلا-
شتۇرۇپ، يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىپ، يېزا ـ بازارلىق
پارتكوم، ھۆكۈمەت تارماقلىرى ۋە ناھىيىگە قاراشلىق
پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى كادىرلارغىچە مۇشـ
تەرى قوبۇل قىلدۇق.

بىز «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشـ
تەرى قوبۇل قىلىشتا مەلۇم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن
بولساقمۇ، لېكىن يۇقىرىنىڭ تەلىپىدىن قارىغاندا يەنىلا
پەرق بار. تارقىتىش جەھەتتە بەزى ئاجىز ھالقىلار بار.
كارخانا ئورۇنلارنىڭ مۇشتەرى قوبۇل قىلىش سانى
يەنىلا ئاز.

يېڭى دەۋردىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ
ئالاھىدىلىكى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقات خىزمەت
ۋەزىپىلىرى تەلىپىگە نىسبەتەن بىز تەجرىبىلەرنى ئۈز-
لۈكسىز يەكۈنلەپ، قېرىنداش ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ
مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىدىكى ياخشى تەجرىبە،
ياخشى ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىپ، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلـ
تىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى تې-
خىمۇ ياخشى ئىشلەپ، خىزمەت ئۇسۇلىمىزنى ئۈزلۈكسىز
ياخشىلاپ، مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىپ، پارتكومنىڭ ئەھمـ
يەت بېرىشى ۋە ئاخبارات، تەشۋىقات تارماقلىرىنىڭ زور
كۈچ بىلەن قوللىشىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈپ، تەشـ
ۋىقات دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، تەشۋىقات ئۈنۈمىنى ئاشۇ-
رۇپ، مۇشتەرى بولۇش سانىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن تىرىد-
شىمىز.

مەسئۇل مۇھەررىر: تاھىر مامۇت

# تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنىڭ يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلايلى

كېرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسى

كېرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىنىڭ روھىغا ئاساسەن، 2001 ـ يىللىق «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇش سانىنى 654 كە يەتكۈزدۇق، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتى ئىنتايىن مۈشكۈل ئەھۋال ئاستىدىمۇ، مۇشتەرى بولۇش سانىنىڭ نىسبەتەن كۆپىيىش سالمىقىنى ئاۋۋالقىدەكلا ساقلاپ كەلدۇق. تارقىتىش مىقدارىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان تەشۋىقات دائىرىسى پەيدىنپەي كېڭەيدى. بۇنىڭ بىلەن ۋەكىللەر ئۆزىنىڭ خىزمەت مەجبۇرىيىتى ۋە ھوقۇقىنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇردى، ژۇرنال ۋەكىللەرگە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشتىكى يېڭى ئۇسۇل، يېڭى يوللارنى ئۆگەتتى، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق قانات يېيىشىنى ئۈنۈملۈك ئالغا سىلجىتتى. 2001 ـ يىللىق مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، تارقىتىش خىزمىتىدىكى ئۇسۇل ۋە تەسراتلىرىمىزنى تۆۋەندىكىچە ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمىز:

**1. مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، تارقىتىش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتتۇق.**

مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتى باشلانغاندىن كېيىن، دائىمىي كومىتېت مۇدىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، تارقىتىش خىزمىتىنىڭ ئەھۋالىنى دائىملىق ئىگىلەپ، مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، تارقىتىش خىزمىتىدە ساقلانغان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلدۇق، بولۇپمۇ 167 نەپەر ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىنىڭ مۇشتەرى بولۇش ھەققىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىدە، دائىمىي كومىتېت مۇدىرى ئۆز ۋاقتىدا ناھىيىلىك پارتكومىدىكى ئاساسلىق رەھبەرلەردىن يوليورۇق سوراپ، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، كېرىيە ناھىيىسىنىڭ مالىيىسى ئىنتايىن قىيىنچىلىقتا تۇرغان، مائاشىمۇ ۋاقتىدا تارقىتالمىغان ئەھۋالدىمۇ، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇش راسخوتى ئۈچۈن 6000 يۈەن راسخوت ھەل قىلدۇق. بىز يەنە ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە ۋە خ ق دائىمىي كومىتېتىدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان كادىرلارغا ئەگەر «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەرمىسە، بۇ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى قوللىمىغانلىق، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەرمىگەن بولىدىغانلىقىنى گەۋدىلىك تەكىتلىدۇق. «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتى يەنە خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ كادىرلارنى كۆزىتىش ۋە باھالاشتىكى بىر خىل مۇھىم مەزمۇنى، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ



يىللىق «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇش خىزمىتىدە ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە رەھبەرلىرى ۋە خ ق دائىمىي كومىتېتىدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان كادىرلارنىڭ مۇشتەرى بولۇش ئاكتىپلىقى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

**2. تەشۋىقات سالمىقى زورىيىپ، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ «نام ـ شەرىپى» يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.**

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدىكى بىردىنبىر كەسپىي ژۇرنال بولۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، شۇنداقلا ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشىدىكى مۇھىم كۆرسەتكۈچ. بىز بۇ يىلقى ژۇرنالغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىدە بىر تەرەپتىن مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، يەنە بىر تەرەپتىن تەشۋىق قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇشنى خالىمىغان ئورۇن ۋە رەھبەرلەرگە قارىتا تەشۋىقات ۋە تونۇشتۇرۇش خىزمىتىنى سەۋرچانلىق بىلەن ياخشى ئىشلەپ، ئۇلارغا «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ مەزمۇنى، خاراكتېرى ۋە رولىنى چۈشەندۈرۈپ، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇش ئارقىلىق خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە قارىتا تونۇشىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى ۋە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تۈرلۈك قانۇن ـ نىزاملىرىنى ئىگىلەپ، ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىش جەريانىدا ساقلانغان ئورتاق مەسىلىلەرنى چۈشىنىپ، خىزمەت جەريانىدىكى گۇمانلىق ۋە قىيىن نۇقتىلارنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش ۋە ئادىل قانۇن يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىنى ئاكتىپ ئىلگىرى سۈرگىلى ۋە يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتۇق.

**3. مەسئۇلىيەتنى ئادەملەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، چارە ـ تەدبىرلەرنى مۇۋاپىق يولغا قويدۇق.**

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ مۇشتەرى سانىنىڭ يىلدىن يىلغا كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىمۇ بارغانسېرى ئاشتى. خ ق دائىمىي كومىتېتىمىز بۇ ئەمەلىي ئەھۋالنى ئاساس قىلىپ، 5 كىشىدىن تەركىب تاپقان مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇرۇپ،



مۇشتەرى قوبۇل قىلىش سانىنى شەخسلەرگىچە بۆلۈپ بېرىپ، خىزمەتلەرگە ئايرىم مەسئۇل قىلىپ، مۇشتەرى قوبۇل قىلىش گۇرۇپپا ئەزالىرىنىڭ مۇشتەرى قوبۇل قىلىش سانىنى ئورۇنلاش ئەھۋالىنى كادىرلارنى يىللىق باھالاشنىڭ مۇھىم بىر ئۆلچىمى قىلىپ، مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچىلارنىڭ مەسئۇلىيەتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشىنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرۈپ، مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى بىر تۈرلۈك مۇھىم خىزمەتلەر قاتارىدا چىڭ تۇتۇپ ئىشلىدۇق.

بۇلتۇر 8 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە ناھىيىمىزدىكى «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى كادىرلىرىمىز مۇشتەرى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن

(ئاخىرى 45 ـ بەتتە)

# «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى مېنىڭ سىرداش دوستۇم

ياسىن ھاشىم



«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى، مۇھىم تەشۋىقاتچى بولۇشقىلا مۇناسىپ بولۇپ قالماستىن يەنە مەزكۇر ژۇرنالنىڭ ئۇنىۋېرساللىقى، مەزمۇندارلىقى، سىياسىي نىشاننىڭ مۇقىملىقى، كەسپىي يېتەكچىلىكى شۇنداقلا «ئەتىرگۈل باغچىسىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ ئىخچام، قىزىقارلىقى... دەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەنمۇ كەڭ ھېرىسمەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ سىرداش دوستى، ئوقۇتقۇچىسى بولۇشقىمۇ مۇناسىپ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھازىر مەن بۇ ژۇرنالنىڭ يېقىن دوستى، قىزغىن ئاپتورلىرىدىن بولۇپ قالدىم. بۇ ژۇرنالغا خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت تەتقىقات ماقالىلىرى، قىزىق نۇقتىلارنى يېتەكلەش ھەققىدىكى ماقالىلار ۋە ناھايىتى ياخشى سىياسىي ـ نەزەرىيىۋى ئىلمىي ماقالىلاردىن سىرت يەنە ھەر خىل ژانىردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرمۇ بېسىلىپ تۇردى.

مەن خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان 15 يىللىق خىزمەت مۇساپەمدە، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە ئائىت قىسقا خەۋەرلەرنى يېزىپ تۇرغان بولساممۇ، تەتقىقات ماقالىلارنى تېخى ھېچقانچە يېزىپ كېتەلمىدىم.

ئەمەلىيەتتە مەنمۇ بارلىق ئىختىيارىي مۇخبىرلارغا ئوخشاش ئاساسىي قاتلامدا ئىشلەيمەن. مۇخبىرنىڭ ئەڭ ئاۋۋال دۇچ كېلىدىغىنى تۇرمۇشقا چۆكۈپ، جەمئىيەتنى چۈشىنىش ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى تەھلىل قىلىشتىن ئىبارەت. پەقەت تۇرمۇشقا چۆكۈش، تۇرمۇش ئۆگىنىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئارىلاشقان دائىرىمىزدىلا چوڭ ـ كىچىكلىك پەرق بولۇشى مۇمكىن، بۇ ئانچە مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى تاللاپ چىقىلغان دېتاللارنىڭ قىممىتىدە. مەيلى مۇخبىر بولسۇن ياكى يازغۇچى، شائىر بولسۇن تۇرمۇش ئۆگەنگەندە، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا، تەھلىل يۈرگۈزگەندە ئاندىن يازغان ماقالە، ئەسەرلىرىنى ئامما قىزىقىپ كۆرىدۇ، قىزغىن ھىمايە قىلىدۇ ۋە ژۇرنالمۇ ئۇلارنىڭ يېقىن دوستىغا ئايلىنالايدۇ دەپ قارايمەن.

بۇ ھەقتە مەندىمۇ يولداشلار پايدىلانغۇدەك، پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ئالاھىدە تەجرىبىمۇ يوق، شۇنداقتىمۇ ئاخبارات، خەۋەرچىلىك ئەمەلىيىتىمدە ھېس قىلغانلىرىمنى كەسپداشلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

خەۋەر ـ ماقالىلارنى ياخشى يېزىش ئۈچۈن:

بىرىنچىدىن، مۇئەييەن سىياسىي ـ نەزەرىيە بىلىمىگە ئىگە بولۇش لازىملىقىنى، شۇنداقلا مۇخبىرنىڭ سىياسىي ـ نەزەرىيە ساپاسىنىڭ يۇقىرى بولۇشى ئاخبارات، خەۋەرچىلىك سەۋىيىسىنى بەلگىلەشتىكى ئاچقۇچلۇق ئامىل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بولۇپمۇ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە ئائىت خەۋەر ـ ماقالىلارنى يازغاندا قېلىپلاشقان قانۇنىي ئاتالغۇلارنى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ، ئاتالغۇلاردا خاتالىق كېلىپ چىقسا ماقالىنىڭ مەزمۇنى ۋە قۇرۇلمىسىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇڭا خەلق قۇرۇلتىيىغا ئائىت قانۇن ـ نىزاملار بىلەن تونۇشۇش، بۇ ھەقتىكى بىلىملەرنى پىششىق ئىگىلەش كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا يەنە دائىم گېزىت ـ ژۇرناللارنى كۆرۈپ تۇرۇش لازىم. گېزىت ـ ژۇرناللار يېزىقچىلىقتا يېڭىدىن كىرىشكەنلەرنىڭ ئەڭ ياخشى مۇئەللىمى بولالايدۇ. بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا يەنە مۇئەييەن تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ۋە تىرىشچانلىق روھى بولۇشى لازىم.

ئىككىنچىدىن، مۇخبىرلارنىڭ كۆزى روشەن، قۇلىقى ئۇزۇن، كاللىسى سەزگۈر، پۇت ـ قولى ئىتتىك بولۇشتىن سىرت يەنە ئەتراپىتىكى ئادەم ۋە ئىشلارنى كۆزىتىپ، پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ماتېرىياللارنى ئىگىلەشكە،

پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ماتېرىياللارنى ئىگىلەشكە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ماھىر بولۇش لازىم. بۇ ئاخبارات ساھەسىدىكىلەردىن كەسپىي ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشنى تەلەپ قىلىدىغان مەسىلە. مەن بارغانسېرى شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئەجىر سىڭدۈرسەڭ، ھالاۋەت كۆرىسەن، ۋاقىت ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ، قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەندىلا مۇخبىرلىق كەسپىنى ياخشى ئىگىلىگىلى بولىدىكەن.

مەن خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەتچىسى، بۇ مېنىڭ ئاساسلىق خىزمىتىم، خىزمەت جەريانىدا بىۋاستە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق خەۋەرچىلىكتە بىر نۇقتىنى يەنى قىيىنچىلىقنى بىلىپ تۇرۇپ ئالغا ئىلگىرىلەش، ۋاقىتنى چىڭ ئىگىلەشكە تىرىشتىم.ئەگەر ۋاقىتنى ئىگىلەشكە دىققەت قىلمىغاندا خەۋەر يۈزەكى، قۇرۇق گەپ بولۇپ قېلىپ، ئۆز قىممىتىنى يوقىتىدىكەن. بەزى ۋاقىت خاراكتېرلىك خەۋەرلەر مۇھىم خىزمەت ۋاقىتلىرىغا توغرا كېلىپ قالغاندا كەچلىك تاماقنىمۇ يېمەي، كېچە سائەت 1، 2 لەرگىچە يازغان، خەۋەرنى ئىز قوغلاپ بېرىپ ئاساسىي قاتلاملاردا بىر قانچە كۈن مۇخبىرلىق قىلغان كۈنلىرىممۇ بولدى، ئىشقىلىپ ئازراقلا بوش ۋاقىت تاپسىلا يېزىشقا كىرىشتىم، مۇشۇنداق چاغلاردا مەن بىر تەرەپتىن پېشقەدەم ئۇستازلاردىن ئۆگەندىم، يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇرمەنلەر نۇقتىسىدىن تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ، جەلپكارلىقى كۈچلۈك بولۇش ئۈچۈن سىناق تەرىقىسىدە ھەر خىل ئۇسلۇبتا يېزىپ باقتىم.

ئۈچىنچىدىن، چىنلىققا ھۆرمەت قىلىش لازىم. كەسپىي ئىقتىدار بىر تەرەپتىن سىياسىي ساپا جەھەتتىن ئىپادىلەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن يازغان خەۋەر ماقالىلارنىڭ چىنلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. مۇخبىرلار ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئاساسىدا مەسىلىلەرنى ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇل بىلەن تەكشۈرۈش، كۆزىتىش، تەھلىل قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشى لازىم، ھەم توغرا ئىنكاس قىلىش، ھەم ئەينەن ئىنكاس قىلىش، كۆپتۈرۈۋەتمەسلىك، چىنلىققا ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

تۆتىنچىدىن، ھەر قانداق خەۋەر ماقالىلاردا پاكىت بىلەن نۇقتىئىنەزەرنىڭ بىردەك بولۇشىغا دىققەت قىلىش كېرەك.

بىز خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقانلار دېگۈدەك يېڭى خەۋەرگە دۇچ كېلىمىز. «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان خەۋەرلەر ئىچىدە بۇنداق خەۋەرلەرمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلەپ كېلىۋاتىدۇ. شۇڭا يېڭى خەۋەرنى جانلىق، ياخشى يېزىپ چىقىش ئۈچۈن مۇخبىر، ئىختىيارىي مۇخبىرلار يېڭىنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىگە باشتىن ـ ئاخىر تولۇق قاتنىشىپ، خەۋەر قىلىش قىممىتىگە ئىگە مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرگەن ئاساستا خەۋەر يېزىپ خەۋەرنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇشقا كۈچ سەرپ قىلىشى كېرەك.

مەن «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ قىزغىن ئوقۇرمەنلىرىدىن بىرى بولغاچقا ئۆز نۆۋىتىدە مەزكۇر ژۇرنال ھەققىدىكى بەزى ئىنكاسلارغا يېقىندىن دىققەت قىلىپ كېلىۋاتىمەن. دەرۋەقە بىر ژۇرنالنىڭ ياخشى ياكى ناچار چىقىشى، ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ھىمايىسى، ئالقىشىغا ئېرىشىش ـ ئېرىشەلمەسلىكى ئوقۇرمەنلەرنى جەلپ قىلىش ـ قىلالماسلىقى ئاساسلىقى ژۇرنال سەھىپىلىرىنىڭ رەڭدارلىقى، سۈپىتىنىڭ ياخشىلىقى بىلەن ژۇرنالدا ئېلان قىلىنىۋاتقان ئەسەر سۈپىتىنىڭ ياخشى ياكى ناچارلىقىغا باغلىق بولىدۇ. ئەگەر ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەر ئاممىنىڭ دىققىتىنى تارتالايدىغان بولسا ئاممىا ئۇنى قىزغىن ھىمايە قىلىدۇ. ھازىرقى مەسىلە دەل ژۇرنالنىڭ ستون، بەتلىرىنىڭ رەڭدار بولۇپ كېتەلمەسلىكىدە.

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى بىزنىڭ تاللىشىمىز، رەڭدارلىق بىزنىڭ قىزىقىشىمىز. تەھرىر بۆلۈمىدىكى يولداشلارنىڭ گۈزەل سەنئەت بېغىدىن رەڭدار «گۈلدەستە» سۇنۇشىغا ئىشىنىمىز.

مەن بىر قىزغىن ئوقۇرمەن، ئىختىيارىي مۇخبىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئادەم قانچە ئۆگەنگەنسېرى، ئەتراپىتىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ تېزلىكىنى، ئۆزى ئىزدىنىپ خەۋەر قىلماقچى، يازماقچى بولغان ساھە ھەم دائىرىنىڭ كەڭلىكىنى چۈشىنىپ يېتىدىكەن. تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ كۆپ يېزىش پۇرستى ئالدىمدا تۇرۇپتۇ، بۇ قېتىمقى يېڭى ئىختىيارىي مۇخبىرلارنى تەقدىرلەش بولۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى ئاساسىي قاتلاملاردىكى كەڭ ئىختىيارىي مۇخبىرلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە، ئالغا ئىلگىرىلىشىگە بېرىلگەن زور ئىلھام ۋە مەدەت دەپ ھېسابلايمەن. مەن بۇ كەسپكە قىزىققان ئىكەنمەن مەيلى قايسى ئورۇن، قانداق جايدا بولمىسۇن قەلىمىمنى توختاتماي تېخىمۇ ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىشقا، ئىجاد قىلىشقا تىرىشىمەن ھەمدە «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا تۆھپە قوشىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

**ئاپتور كېرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن**

**مەسئۇل مۇھەررىر: تاھىر مامۇت**

48

2001

# رەھبەرلىك ئەھمىيەت بەرگەچكە، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ تىرازى ئاشتى

ئونسۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسى



«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئونسۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىمىزنىڭ گېزىت ـ ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولۇش ئىشلىرىمىزدىكى ئالدىنقى قاتاردىكى ژۇرنال بولۇپ قالدى. 2001 ـ يىلى بىز مۇشتەرى بولۇش ۋە تارقىتىش خىزمىتىنى بۇرۇنقىدەكلا ياخشى ئىشلەپ، 659 نۇسخا مۇشتەرى قىلدۇق. بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى، خ ق دائىمىي كومىتېتى ئورگىنى ۋە ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق كەسپىي، كارخانا ئورۇنلارنى 214 نۇسخا، يېزا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنى 445 نۇسخا مۇشتەرى قىلدۇق.

ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى رەھبەرلىرى «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇش ۋە تارقىتىش خىزمىتىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بەردى، ھەر يىلى 10 ـ ئاي ئەتراپىدا بىز ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇشتەرى بولۇش ۋە تارقىتىش خىزمىتى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن دائىمىي كومىتېتىمىز مەخسۇس مۇدىرلار يىغىنى ئېچىپ مۇزاكىرە قىلىپ، دائىمىي كومىتېتىنىڭ بىر نەپەر مۇئاۋىن مۇدىرىنى مەسئۇل قىلىپ، ئىشخانا مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرى ۋە بىر نەپەر مۇئاۋىن مۇدىر بولۇم ئەزاسىنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن مۇشتەرى بولۇش ۋە تارقىتىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇشنى تەلەپ قىلدى. دائىمىي كومىتېتىنىڭ سانلىق يىغىنىدا مەخسۇس ۋاقىت چىقىرىپ، مۇشتەرى بولۇش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، مۇشتەرى بولۇش خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ فۇنكسىيىلىك تارماقلىرى ۋە يېزا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى رەئىسلىرىگە كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسى خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى بىلەن ۋاقتىدا ماسلىشىپ، ناھىيىمىزدىكى ھەر قايسى ئورۇنلارغا بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش چۈشۈرۈپ، مۇشتەرى بولۇش ۋەزىپىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، كۆرسەتكۈچ بەلگىلىدى. بىر قانچە يىلدىن بۇيان بىز تۆت يۈرۈش رەھبەرلىك كوللېكتىپى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ فۇنكسىيىلىك تارماقلىرى، ئىككى مەھكىمە ۋە يېزا ـ بازارلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرىنى مۇشتەرى قىلىش ئوبيېكتى قىلدۇق ھەم تۇزۇم ئورناتتۇق. باشقا ئورۇنلارغا تەشۋىق قىلىش ۋە قايىل قىلىشنى ئاساس قىلىپ، ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىپ، پائال مۇشتەرى بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈپ، مۇشتەرى بولۇش سانىنى ئالدىنقى يىل ئاساسىدا ئاشۇردۇق.

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى»ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مەسئۇلى ئورگاندىكى كادىرلار ۋە ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ بىر قىسىم مەسئۇللىرىنى يىغىپ سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ئۇلارنىڭ «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇش ۋە تارقىتىش خىزمىتىنىڭ ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈردى. خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بەزى فۇنكسىيىلىك تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرىمۇ ئىلگىرى خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ خاراكتېرى، رولى ۋە ئورنىنى ئانچە چۈشەنمەيتتىكەنمىز، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ناھىيىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش سۈرئىتىنىڭ تېزلىشىشى، دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ كۈچىيىشى ۋە خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىك سالمىقىنىڭ زورىيىشىغا ئەگىشىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قانۇنچىلىق ئېڭى كۈچىيىپ، خەلق

هۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىلىك تارماقلىرىنىڭ قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشىنى ئىلگىرى سۈردى. «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى هۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىگە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تونۇتۇپ، خ ق دائىمىي كومىتېتى بىلەن هۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە ئوتتۇرىسىدىكى نازارەتچىلىك بىلەن قوللاش، تىزگىنلەش بىلەن ماسلىشىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى راۋانلاشتۇردى دەپ قاراپ «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق مۇشتەرى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

يېزا ـ بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتلىرىنىڭ رەئىسلىرى «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى ئوقۇش ئارقىلىق ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. قېرىنداش ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ نۇرغۇنلىغان ياخشى تەجرىبە ـ ئۇسۇللىرىنى ئۆگەندى ھەم ناھىيىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، يۈرەكلىك ھالدا سىناق قىلدى. مەسىلەن: نۇرغۇنلىغان يېزا ـ بازارلار يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يېزا ـ بازارلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈش، مەكتەپ ۋە 7 پونكىت 8 ئورۇننى كۆزدىن كەچۈرۈش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، نازارەتچىلىكنى جانلاندۇرۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئېرىشتى.

ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەر خىراجىتىدىن مەخسۇس مەبلەغ ئاجرىتىپ، ھەر بىر ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى ۋە ئورگاندىكى كادىرلارغا بىر نۇسخىدىن، ناھىيىلىك 4 يۈرۈش رەھبەرلىك كوللېكتىپى ئىشخانىسى ۋە ئىككى مەھكىمە، ناھىيە دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارغا بىر نۇسخىدىن مۇشتەرى قىلدى، يېزا ـ بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتى رەئىسلىرىمۇ يېزا ـ بازارلىق پارتكوملار بىلەن ئالاقىلىشىپ، ھەر بىر يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە يېزا ـ بازارلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىگە بىر نۇسخىدىن مۇشتەرى قىلدى. ئىشخانىدىكى خىزمەتچى خادىملار تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، مۇشتەرى قىلىش ۋەزىپىسىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇندىدى.

ھەر بىر مۇشتەرى ئوبيېكتلىرىنىڭ «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى ۋاقتىدا تاپشۇرۇۋېلىشى ئۈچۈن، بىر تۇتاش مۇشتەرى قىلىپ، ئايرىم ـ ئايرىم تارقىتىش ئۇسۇلىنى قوللاندۇق. مەخسۇس ئادەم مەسئۇل بولۇپ، تارقىتىش خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى ئادەم كۈچى بىلەن كاپالەتكە ئىگە قىلدۇق.

مەسئۇل مۇھەررىر: تاھىر مامۇت

(بېشى 41 ـ بەتتە)

بىر تەرەپتىن تەشۋىق ـ تەربىيە خىزمەتلىرىنى ئىشلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى خادىملىرىمىز ئۆزىنىڭ قان تەرى ۋە سەممىيىتىدىن بۇ ئىدارە رەھبەرلىرىنى تەسىرلەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ چۈشىنىشىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى.

كېرىيە ناھىيىسىدە ئاپتونوم رايون، ناھىيە، يېزىدىن بولۇپ جەمئىي 874 نەپەر خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بار، بىراق 2001 ـ يىلى ناھىيىمىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ مۇشتەرى بولۇش سانى پەقەت 541 بولۇپ، ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ ئارانلا 62% نى ئىگىلەيدۇ. شۇڭا بىزنىڭ مۇشتەرى قوبۇل قىلىش ۋە تارقىتىش خىزمەتلىرىمىزنىڭ يوشۇرۇن كۈچى خېلى چوڭ، يەنىلا چوڭ قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىۋاتىمىز. دائىمىي كومىتېتىمىز ئەڭ زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ يېزا ـ بازارلىق پارتكوم، يېزا ـ بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتى رەھبەرلىرى بىلەن بولغان ئالاقە ۋە ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق مۇشتەرى بولۇش خىراجىتى ھەل قىلىپ، ناھىيە، يېزا، كەنتنىڭ ئورتاق مەبلەغ سېلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، يېزا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ مۇشتەرى بولۇش سانى ۋە دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، يىلمۇ يىل تىرىشىش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايون، ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ھەممىسىدە «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى بولۇشىنى، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشى، خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشىدىكى ياخشى ئۇستازى، ماھىر دوستى بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرىمىز.

مەسئۇل مۇھەررىر: تاھىر مامۇت

ئىچكى بەتتىكى سۈرەتلەرنى سەمەت دۇگايلى تارتقان

خەۋەرلەر

# «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى تەشۋىق قىلىش - تارقىتىش خىزمىتى يىغىنى ئاقسۇدا ئېچىلدى



ئۆز خەۋەرچىمىز: «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى تەشۋىق قىلىش - تارقىتىش خىزمىتى يىغىنى 2001 - يىل 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئاقسۇدا ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مىجىت ناسىر يىغىنغا قاتناشتى، ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى مۇھەممەت رەجەپ يىغىنغا قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خ ق خىزمىتى كومىتېتى، مەمۇرىي مەھكىمە ۋە ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرىمۇ يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا جايلارنىڭ «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ 2000 - يىللىق سانىغا مۇشتەرى بولۇش ئەھۋالى خۇلاسىلەپ ئۆتۈلدى؛ كېرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى، ئۇنسۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى، سانجى شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلار ئۆزلىرىنىڭ مەزكۇر ژۇرنالغا مۇشتەرى بولۇشتىكى ياخشى تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇردى. مۇنەۋۋەر ئىختىيارىي مۇخبىرلاردىن كېرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن ياسىن ھاشىم قاتارلىقلار «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا قارىتا ئۆز تەسىراتىنى سۆزلىدى.

يىغىندا ياسىن ھاشىم، ئوبۇل مۇھەممەت قاتارلىق 9 نەپەر ئىختىيارىي مۇخبىر، 2000 - يىلى ژۇرنالغا مۇشتەرى بولۇشتا ئىلغا بولغان پىچان ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى، ئاقسۇ شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى، يەكەن ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلار ماددىي بۇيۇم بىلەن مۇكاپاتلاندى.



چۈشتىن كېيىنكى گۇرۇپپا مۇزاكىرىسىدە يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار قانداق قىلغاندا ژۇرنالنىڭ تىراژىنى ئاشۇرغىلى، ژۇرنال مەزمۇنىنى بېيىتىپ، سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە قىممەتلىك پىكىرلىرىنى بەردى.

تاھىر مامۇت (ئۆز مۇخبىرىمىز)

**سەمەت دۇگايلى فوتوسى**

47

## باي ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى نامراتلارغا ياردەم بەردى

ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى نامراتلارغا ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ئىشخانىنىڭ بىر نەپەر مۇئاۋىن مۇدىرىنى كانچى يېزىسىغا مەخسۇس ئەۋەتىپ، ئۇزاق مەزگىل نۇقتىدا تۇرغۇزدى. ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مەركىزىي خىزمەتلىرىنى زىچ چۆرىدەپ، ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۆرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلارنى يۆلەش، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش خىزمىتىدە دەسلەپكى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

كەنت پارتىيە ياچېيكىسى، كەنت كومىتېتىنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ خىزمىتىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇندىشىغا ھەمكارلاشتى. كانچى يېزىسى 8 ـ كەنتنىڭ خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، نۇقتىدا تۇرۇۋاتقان رەھبەرلەر كەنت پارتىيە ياچېيكىسى ۋە كەنت كومىتېتىغا مۇۋاپىق تەكلىپ بەردى. دېھقانلار بىلەن ئۈچتە بىللە بولۇۋاتقان مەزگىلدە، پارتىيىنىڭ يېزا سىياستى ۋە يېزا ئىگىلىكىگە ئالاقىدار قانۇن، نىزاملىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاپ، 8 ـ كەنتنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ۋەزىپىسىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇنداش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

ئىللىقلىق يەتكۈزۈش پائالىيىتى پائال قانات يايدۇرۇلدى. ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسى مەبلەغ قىس ئەھۋالدا، 600 يۈەن نەق پۇل چىقىرىپ، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار 4 ئائىلىگە 250 كىلوگرام خىمىيىۋى ئوغۇت ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى ۋاقتىدا تېرىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، خەلق قۇرۇلتىيى ئورگىنىدىكى كادىرلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە 102 قۇر كىيىم ـ كېچەك ئىئانە قىلدى.

(باي ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسى)

## كېرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى مەمۇرىي ئىشلارنىڭ قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈردى

كېرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بېرى ئورگان قارىمىقىدىكى بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى پىلانلىق، مەقسەتلىك ھالدا قانۇن ـ نىزاملارنى ھەم 3 ـ بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، نازارەتچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

بۇ خ ق دائىمىي كومىتېتى ئورگاندىكى بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى تەشكىللىك ئاساستا قانۇن ـ نىزاملارنى ئۆگىنىشكە 18 قېتىم ئۇيۇشتۇرۇپ قانۇن ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، 16 قانۇن، 12 نىزامنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈپ 11 نەپەر مۇئاۋىن ھاكىم، ئىككى مەھكىمە باشلىقى، 22 نەپەر ئىدارە مەسئۇلىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش دوكلاتىنى ئاڭلاپ ھەم قاراپ چىقىپ نازارەتچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئەدلىيە، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن ئىزىغا سالدى. ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ 10 پارچە مەسىلىنى ۋاقتىدا ھەل قىلدى. ھال ئېيتىپ كەلگەن 120 نەپەر ئاممىنى كۈتۈۋېلىپ 179 پارچە ئەرزنىڭ بىجىرىلىش نىسبىتىنى % 98 كە يەتكۈزدى.

(كېرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن ئەمەتجان ھېيت)

## غۇلجا شەھەرلىك خ ق دائىمىيكومىتېتى ئۈچ قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈردى

غۇلجا شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق خىزمىتى كومىتېتى دائىمىي يېقىندا ھەر دەرىجىلىك ۋەكىللەر ۋە بىر قىسىم دائىمىي كومىتېت ئەزالىرىنى تەشكىللەپ، «مەھسۇلات سۈپىتى قانۇنى»، «ئۆلچەم قانۇنى»، «ئۆلچەملەشتۈرۈش قانۇنى» نىڭ ئىجراسىنى تەكشۈردى.

بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە، تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسىنىڭ «3 قانۇن» نى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىدىن بەرگەن دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلۈپ، ئالاقىدار ئارخىپ ماتېرىياللارنى كۆرۈش، نەق مەيدانغا بېرىپ تەكشۈرۈش ۋە سۆھبەت يىغىنى ئېچىش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلدى.

ئاخىردا، تېخنىكا نازارەتچىلىك ئىدارىسىنىڭ خىزمىتى ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا تۈزىتىش تەلەپى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

(غۇلجا شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن مەرھابا تۇرسۇن)

2001

## قاغىلىق ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىككى قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈردى

قاغىلىق ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى يېقىندا ئاپتونوم رايونلۇق، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قىسمەن ۋەكىللىرىنى «باھا قانۇنى»، «ئۆلچەم قانۇنى» نىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈشكە تەشكىللىدى. سودا ـ ئىقتىساد سىستېمىسى، سەھىيە سىستېمىسى، يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر جەمئىيىتى، قاغىلىق بازىرىدىكى بىر قىسىم ئاپتونوم رايونلۇق، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن تەشكىللەنگەن مەخسۇس تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ناھىيىلىك باھا ئىدارىسى، ناھىيىلىك ئۆلچەم، سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىك ئىدارىسىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاش، ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى، بەخت يولى سودا بازىرى قاتارلىق ئورۇنلاردا نەق مەيداندا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش، خەلق ئاممىسى ئىنكاس قىلغان، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئادەتتە ئىگىلىگەن ئەھۋاللارغا ئاساسەن سوئال سوراش، سۈرۈشتۈرمە قويۇش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ داۋالىنىش، ئىچىملىك سۇ، توك، يېقىلغۇ گاز قاتارلىق خەلق ئاممىسى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ھەمدە خەلق ئاممىسىنىڭ سالامەتلىكى، جانىجان مەنپەئىتى ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، مال باھاسى، ئۆلچەم قورallىرىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن بەلگىلىمە بويىچە ئىجرا قىلىنىشى جەھەتتە ساقلانغان قانۇنغا خىلاپ مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇنى ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇندى.




## قاغىلىق ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن كادىرلاردىن قانۇن بىلىملىرىدىن ئىمتىھان ئالدى

قاغىلىق ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن كادىرلارنىڭ قانۇن ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، قانۇنچىلىق كۆز قارىشىنى كۈچەيتىش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئېڭىنى ۋە قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش، ئەدلىيەدە ئادىل بولۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، «ئاساسىي قانۇن»، «تەشكىلىي قانۇن»، «مەمۇرىي جازا قانۇنى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش نىزامى» قاتارلىق قانۇن، نىزاملاردىن ئىمتىھان ئالدى.

**(قاغىلىق ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن يۈسۈپجان سىدىق)**

## توقسۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئەرزىيەت خىزمىتىنى دائىمىي كومىتېتنىڭ مۇھىم خىزمىتى قاتارىدا تۇتۇپ ئىشلىدى

توقسۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئاممىدىن كەلگەن ئەرز، خەت ـ چەكلەرنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشنى خ ق دائىمىي كومىتېتى خىزمىتىدىكى بىر مۇھىم خىزمەت قاتارىدا چىڭ تۇتۇپ بۇ جەھەتتە ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

دائىمىي كومىتېت مۇدىرلىرى ئالدى بىلەن ئەرز، خەت ـ چەك، دېلولارنى مۇدىرلار يىغىنى مۇزاكىرىسىگە قويۇپ ۋاقتىدا بېجىرىشنى ئورۇنلاشتۇردى. ئادەتتىكى ئەرز، خەت ـ چەكلەرنى دائىمىي كومىتېتنىڭ ئەرزىيەت خىزمىتىگە مەسئۇل مۇدىرلىرى مەسئۇل بولۇپ، ھال ئېيتىپ كەلگەن ئاممىنى بىۋاستە قوبۇل قىلىپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرىنى دائىمىي كومىتېتقا چاقىرىپ كېلىپ، بىرلىكتە ئەتراپلىق كېڭىشىش ئارقىلىق ھەل قىلىپ بەردى. ھۆكۈمەت، ئەدلىيە ئورگانلىرىغا ئالاقىدار بولغان ئەرز، خەت ـ چەك، دېلولارنى ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ ئەستايىدىل بېجىرىشىگە يوللاپ بېرىپ، بېجىرىش ئەھۋالىنى تېزدىن مەلۇم قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

دائىمىي كومىتېت بۇ خىزمەتكە كۆڭۈل بۆلۈپ، ھال ئېيتىپ كەلگۈچىلەرنى بىۋاستە قوبۇل قىلىپ، كۈتۈۋالىدىغان ئايرىم ئىشخانا تەسىس قىلىپ، ئىشخانا ئەسلىھەلىرىنى تولۇقلاپ، بۇنىڭغا خىزمەتتە پىشقان قابىل كادىرنى مەسئۇل قىلدى. ھازىر ھال ئېيتىپ كەلگۈچىلەر رەھبەرلەرنى ئىزدەپ يۈرىدىغان بىھۇدە ئاۋارىچىلىق تۈگىدى.

**(توقسۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن پەرھات بارات)**

2
0
0
1

48

# خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى نامراتلارغا ئەمەلىي ئىش قىلىپ بەردى

ئاۋات ناھىيە بەشئېرىق بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھەر مىللەت ۋەكىللىرى بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان ھازىرغىچە ئۆز كەنتىدىكى نامرات، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنى بىر يىلدىن 3 يىلغىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ھۆددىگە ئېلىش ئارقىلىق ئۇلارنى ماددىي ۋە پەن ـ تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكلەش، مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق بەشئېرىق بازىرىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

بەشئېرىق بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 64 نەپەر ۋەكىلى ئىچىدىن 57 نەپەر ۋەكىل بازار بويىچە جەمئىي 113 نامرات ئائىلىنى بۇ يىلدىن باشلاپ 3 يىلغىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈشنى ھۆددىگە ئېلىپ، ئۇلارغا ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق باشلامچىلىق بىلەن ياخشى ئىش قىلىپ بەردى. بۇ يىل 1 ـ ئايدىن ھازىرغىچە بۇ خىل نامرات، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە ھەقسىز ياردەم بېرىلگەن نەق پۇل 1600 يۈەنگە، ياردەم قىلىنغان ئاشلىق، 3117 كىلوگرامغا، ياردەم قىلىنغان خىمىيۋى ئوغۇت 13 قاپقا، كىيىم ـ كېچەك 87 قۇرغا، ھەقسىز ھەيدەپ تېرىپ بەرگەن يەر 45 موغا، ھەقسىز ئىشلىتىپ ياردەم بەرگەن تراكتور ۋە ئادەم خالىسانە كۈچى 122 گە يەتتى. بۇ بازارنىڭ تۆۋەنكى خوجىۋاسقاق كەنتىدىكى ۋەكىل مامۇت قۇربان بۇ يىل ئەتىيازدا ئۇزۇقلۇق ئاشلىقى ئۈكسۈپ قالغان 6 نەپەر قىيىنچىلىقى بار ئائىلىگە شەخسەن ئۆزى ياردەم قىلغان ئاشلىق 1300 كىلوگرامغا، ئۆزىنىڭ ماشىنا ـ سايمانلىرى ئارقىلىق ھەقسىز ھەيدەپ تېرىپ بەرگەن يەر 18 موغا يەتتى. بۇ بازارنىڭ كۆنچەسۇڭ كەنتىدىكى يەككە تىجارەتچى، ۋەكىل ئۆمەرجان سىدىق ئۆتكەن يىلى قىشتا، قىشلىق ئىسسىنىشتا ئېغىر قىيىنچىلىق تارتىۋاتقان 12 ئائىلىگە ھەقسىز ياردەم قىلغان كۆمۈر 3100 كىلوگرامغا يەتتى.

(ئاۋات ناھىيە بەشئېرىق بازارلىق ئائىلە قورۇسىدىنىق قوۋانخان ئىسمايىل)

# گۇما ناھىيىسىدە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ھاكىم بىلەن كۆرۈشتى

ئاساسىي قاتلامدىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنتاسىنى ئاڭلاپ خەلق ئاممىسى دۇچ كەلگەن ئەمەلىي مەسىلىلەر ۋە قىيىنچىلىقلارنى ياخشى ھەل قىلىپ «3 كە ۋەكىللىك قىلىش» ئىدىيىسىنىڭ ناھىيىمىزدە ئىزچىللىشىشىغا ھەقىقىي تۈردە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، گۇما ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن 23 كىشىنى تەكلىپ قىلىپ، ھاكىم بىلەن كۆرۈشتۈردى.

ھاكىم دولقۇن ئابدۇرېھىم ئاۋۋال گۇما ناھىيىسىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىللىق خىزمەتلىرىدىن دوكلات بېرىپ كەلگۈسى تەسەۋۋۇرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاساسىي قاتلامدىن كەلگەن خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئاممىنىڭ ئىچىملىك سۇنى ياخشىلاش، 9 يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش، دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، مۇقىملىق ۋە يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ دېھقانلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاش قاتارلىق ئەمەلىي مەسىلىلەر ئۈستىدە تەكلىپ ـ پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇردى. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ھاكىم بىلەن كۆرۈشۈشى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىپ، ھۆكۈمەت بىلەن ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمەتلىرىگە قارىتا نازارەتچىلىك قىلىشتىكى رولىنى كۈچەيتىپلا قالماستىن، يەنە ھۆكۈمەتنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات پىلانى ۋە ئىلمىي تەدبىر بەلگىلىشىدىمۇ 1 ـ قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

(گۇما ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن: ئابلىمىت توختىباقى)

49

2010

# كۆيا يېزىسى دېھقانلارنىڭ 1 مىليون يۈەن سېلىقىنى يېنىكلەتتى

قاراقاش ناھىيىسىنىڭ كۆيا يېزىسى يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش توغرىسىدىكى يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، بىر قاتار ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى تۈزۈپ ۋە يولغا قويۇپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

يېزىلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇ يېزىدىكى ناھىيىلىك، يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بەرگەن تەكلىپلەر ئىچىدە دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش توغرىسىدىكى تەكلىپلەرنىڭ بىر قەدەر كۆپ ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، 1999 ـ يىلى «بىر قېتىم بېكىتىپ ئۈچ يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك» سىياسىتىنى تۈزۈپ يولغا قويۇپ، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى% 5 ئىچىدە تىزگىنلەش ئۈچۈن، دېھقانلارغا سېلىق خاتىرىلەش كارتوچكىسىدىن 7826 دانە تارقىتىپ، ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتىنى% 100 كە يەتكۈزدى.

كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش، دېموكراتىك باشقۇرۇش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، دېھقانلاردىن سېلىق يىغىش ۋە يىغىلغان سېلىقنى ئىشلىتىش ئەھۋالىنى كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاشنىڭ مۇھىم شەرتى قىلىپ، يېزا يىغىنىسى، كەنت قالدۇرۇقىنىڭ ھېسابلىنىش چارىسىنى قېلىپلاشتۇردى. بولۇپمۇ بۇ يىل بېشىدا بۇ خىزمەتنى باش ئۆزى جىيالڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، تەربىيىلەش پائالىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، بۇ خىزمەتنى ئاممىغا ياخشى ئىش، ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش قاتارىغا كىرگۈزدى. يېزىلىق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، يېزا ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش قاتارلىق تارماقلارنى قەرەللىك ھالدا كەنتلەرنىڭ دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش خىزمىتىگە كونكرېت يېتەكچىلىك قىلىپ، نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىشكە ئورۇنلاشتۇردى. نەتىجىدە بۇ يېزىدا 1999 ـ يىلنىڭ بېشىدىن 2001 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە دېھقانلارنىڭ 1 مىليون 181 مىڭ 726 يۈەن سېلىقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

(قاراقاش ناھىيە كۆيا يېزىسىدىن روزىمۇھەممەت ئۆمەر)

# خەلقنىڭ ۋەكىلى خەلقنىڭ غېمىنى يېدى

توقسۇ ناھىيە تاشئېرىق يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، تاشئېرىق كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ھوشۇر تۇردى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۆزىنىڭ ۋەكىللىك بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلىپ، خەلق ئاممىسى ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ، تەشكىل ۋە ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

ھوشۇر تۇردى كەنت ئىشلىرىنى ياخشى باشقۇرۇپلا قالماي، يەنە باققۇچىسى يوق، كېسەلچان بولۇپ قالغان 90 ياشلىق زىياۋۇدۇن ھاشىمغا ئىككى ئېغىزلىق خىش ئۆي سېلىپ بەردى.

زىياۋۇدۇن ھاشىم ئىلگىرى تاشئېرىق يېزا بوستان كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولۇپ ئىشلىگەن پېشقەدەم كومپارتىيە ئەزاسى، ئۇنىڭ ئۆيى بەك كونىراپ كەتكەنلىكتىن قايتا سېلىپ ئولتۇرۇشقا قۇربى يەتمەي ھەمىشە ئۆيىدىن ئەنسىرەپ قالاتتى. بۇ ئەۋالدىن خەۋەر تاپقان ھوشۇر تۇردى 25 مىڭ دانە خىش، 45 دانە ياغاچ چىقىرىپ ئىككى ئېغىزلىق ئۆي سېلىپ بېرىپ 90 ياشلىق زىياۋۇدۇن ئاكىنى غەمدىن خالاس قىلدى.

ئۇ يەنە ئىككى نامرات تۇل خوتۇن ئائىلىسىنىڭ قەھرىتان قىشتىن ئامان ـ ئېسەن ئۆتۈۋېلىشى ئۈچۈن ئىككى توننا كۆمۈر، 400 كىلوگرامدىن ئارتۇق ئاشلىق ياردەم بەردى.

(توقسۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن پەرھات بارات)

# كۆيا يېزىسىدا كەنتلەرنىڭ كۆتۈۋېلىش خىراجىتىگە بولغان نازارەتچىلىك كۈچەيتىلدى

قاراقاش ناھىيىسىنىڭ كۆيا يېزىسى كەنتلەرنىڭ كۆتۈۋېلىش خىراجىتىگە بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇ يېزىدىكى كەنتلەرنىڭ مالىيە ھېساباتى چىڭ تۇتۇلغان بولسىمۇ، كۆتۈۋېلىش خىراجەتلىرى بوش قويۇۋېتىلگەنلىكتىن، چېرىكلىك ھادىسىلىرى يۈز بېرىدىغان ئىشلار كۆرۈلۈپ ئاممىنىڭ كۈچلۈك ئىنكاسىنى قوزغىدى. بۇ يېزىدىكى ناھىيىلىك، يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىمۇ بىرنەچچە قېتىم تەكلىپ بېرىپ، كەنتلەرنىڭ كۆتۈۋېلىش خىراجىتىنى تىزگىنلەشنى تەلەپ قىلدى ھەم تەكلىپ بەردى.

يېزىلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى بۇ ئىشنى ئۈزۈل ـ كېسىل تۈگىتىش ئۈچۈن يېزىلىق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، يېزا ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش پونكىتى قاتارلىق تارماقلارنى قەرەللىك ھالدا كەنتلەرنىڭ كۆتۈۋېلىش خىراجىتىنى تەكشۈرۈش، مالىيىنى دېموكراتىك باشقۇرۇش، نازارەت قىلىش ۋە كونكرېت يېتەكچىلىك قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى ھەم بۇ خىزمەتنى پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى بىلەن زىچ بىرلەشتۈردى.

نەتىجىدە بۇ يىلنىڭ بېشىدىن ھازىرغىچە بۇ يېزىدىكى ھەرقايسى كەنتلەرنىڭ كۆتۈۋېلىش خىراجىتى زور دەرىجىدە تىزگىنلىنىپ، پۈتۈن يېزىنىڭ كۆتۈۋېلىش خىراجىتى ئۆتكەن يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن % 98.5 تۆۋەنلەپ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

(قاراقاش ناھىيە كۆيا يېزىسىدىن روزىمۇھەممەت ئۆمەر)

## توقسۇ ناھىيىسىدىكى ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى نامرات ئائىلىلەرگە ياردەم بەردى

توقسۇ ناھىيىسىدىكى ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى باشلامچىلىق بىلەن 167 نامرات ئائىلىنى نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇش يولىدا ئىزدىنىپ ئۇلارنىڭ نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلاشقا ئەمەلىي ھەرىكەت جەھەتتىن بەرگەن ياردىمىنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولدى.

بۇ ناھىيىدىكى نىياز سېيىت، ھوشۇر تۇردى، ھېپىزەم قاتارلىق 270 نەپەر ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئالدىنقى يېرىم يىل ئىچىدە 167 نامرات ئائىلىگە 21 مىڭ 110 يۈەن نەق پۇل، 7728 كىلوگرام ئاشلىق، 7315 يۈەن قىممىتىدە ئەمگەك كۈچى، 10 مىڭ مو يەرنى ھەقسىز ھەيدەپ بەرگەن، 58 مىڭ 500 كىلوگرام كۆمۈر، 128 كىلوگرام ئۆسۈملۈك مېيى، 134 كىلوگرام گۆش، 35 مىڭ دانە خىش، 84 هارۋا ئوتۇن، 9780 دانە دەپتەر ـ قەلەم، 140 دانە ياغاچ، 210 كىلوگرام قەن ـ ناۋات، 370 قۇر قىشلىق ـ يازلىق كىيىم ـ كېچەك، 700 كىلوگرام خىمىيىۋى ئوغۇت، 3 دانە ۋېلىسىپىت، 140 جۈپ ئاياغ قاتارلىق ماددىي نەرسىلەرنى ھەقسىز ياردەم بەرگەن، ھەقسىز بەرگەن ماددىي نەرسىلەرنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 122 مىڭ 656 يۈەنگە يەتكەن.

(توقسۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن پەرھات بارات)

## گۇما ناھىيىسىدىكى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىپ ئامممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى

گۇما ناھىيىسىدە ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن 864 نەپەر بولۇپ، ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىللەر ئارىسىدا باش شۇجى جاڭ زېمىننىڭ «3 كە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى چوڭقۇر سىڭدۇرۇپ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋەكىللەر قانۇنى» نى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش ئارقىلىق، ۋەكىللەرنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلىشقا توغرا يېتەكلىشى ئاستىدا ۋەكىللەرنىڭ سىياسىي، ئىدىيىۋى ساپاسى ۋە كەسپىي ساپاسى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ ئامما ئارىسىدىكى قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرىنى ۋە نامۇۋاپىق سېلىق مەسىلىلىرىنى ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە پائال رول ئوينىماقتا.

بۇ يىل 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ۋەكىللەرنىڭ ئاكتىپ قاتنىشىشى ئاستىدا ناھىيە ۋە يېزا، بازارلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى وەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان تۈرلۈك سېلىق ۋە نامۇۋاپىق ھەق ئېلىش تۈرلىرىدىن 19 نى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ 1 مىليون 805 مىڭ 956 يۈەن قىممىتىدىكى ئىقتىسادىي يۈكىنى يەڭگىللەتتى. بۇ ناھىيىدىكى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئۆزلىرىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋەكىللىك بۇرچىنى ئادا قىلىپلا قالماستىن، يەنە پارتىيىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش سىياسىتىنى ئاڭلىق ئىجرا قىلىشتا خەلق ئاممىسىغا باشلامچىلىق قىلىپ، ناھىيە بويىچە 271 نامرات ئائىلىنى ھۆددىگە ئېلىپ ئۇلارغا 65 مىڭ 568 كىلوگرام ئاشلىق، 156 تۇياق قوي، 24 مىڭ 816 يۈەن نەقپۇل، 98 مىڭ 358 كىلوگرام يېقىلغۇ، 2 مىڭ 478 قۇر كىيىم ـ كېچەك، 722 ئەمگەك كۈچى ياردەم قىلىپ نامرات ئائىلىلەرنىڭمۇ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

(گۇما ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن ئابلىمىت توختىباقى)

بۇ ساندىكى خەۋەرلەرنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: تاھىر ماموت

# بىمەنىلىك بىلەن باشلىنىپ ئازاب بىلەن ئاخىرلاشقان بۇلاڭچىلىققا قارشى تۇرۇش مانېۋىرى

سەي چۈن

2001 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى جىياڭسۇ ئۆلكىسى لىەن. يۇنگاڭ شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلغان مەمۇرىي دەۋا كىشىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى. مەزكۇر شەھەر ئازادلىق غەربىي يولى شەھەر ئامانەت قەرز كوپېراتىپى 1999 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى بىر قېتىملىق بۇلاڭچىلىققا قارشى تۇرۇش مانېۋىرىنى تەشكىللەپ ئېلىپ باردى، بۇ ئىش شۇ كۈنى نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان بانكا خادىملىرىغا ئالدىن ئۇقتۇرۇلمىغانلىقتىن، بانكا خادىمى لى يۈفېن ھەددىدىن زىيادە قورقۇپ كېتىپ ئەقلىي جەھەتتىن نورماللىقىنى يوقىتىدۇ. بۇ ئىشتىن كېيىن ئامانەت قەرز كوپېراتىپى رەھبەرلىكى لى يۈفېننىڭ داۋالىنىشى ۋە خىزمىتىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرمايلا قالماي، بەلكى لى يۈفېننى قەستەن كېسەل بولۇۋالغان دېگەننى باھانە قىلىپ، داۋالىنىش خىراجىتىنى بېرىشنى رەت قىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ مائاشىنى توختىتىدۇ.

## بىمەنە مانېۋىر

1999 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى لىەنيۇنگاڭ شەھىرى ئازادلىق غەربىي يولى شەھەر ئامانەت قەرز كوپېراتىپىنىڭ مۇلازىمەت بۆلۈمى ئادەتتىن تاشقىرى جىمجىت كۆرۈنەتتى، خېرىدار بولمىغانلىقتىن، ئىشكارچىلىقتا ئولتۇرغان ئىككى ئايال خىزمەتچى لى يۈفېن بىلەن لى شاۋجۈەن چارچىغاندەك قىلاتتى، ئۇلارنىڭ بېشى ئېغىرلىشىپ مۈگدەك باسقىلى تۇردى.

سائەت 12 دىن 42 مىنۇت ئۆتكەندە سىرتتىن بېشىغا پايپاق كىيىۋالغان قورال كۆتۈرگەن ئىككى «بۇلاڭچى» ئېتىلىپ كىرىدۇ. «قىمىرلىما، پۇلنى چىقىرىش، قايسىڭ مىدىرلىساڭ ئېتىپ تاشلايمەن» دېگەن ئاۋازدىن تېخى ئىنكاس قايتۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەن لى يۈفېن بىلەن لى شاۋجۈەننىڭ چىرايى تاتىرىپ كېتىدۇ.

گەرچە يۈت ـ قوللىرى ئۆزلىرىگە بويسۇنمىسىمۇ كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى ئىچىدە ئۇلار ھەر ئىككىسى بار كۈچىنى ئىشلىتىپ ئۆزلىرى ئولتۇرغان جايدىكى ساقچىغا مەلۇم قىلىش كۇنۇپكىسىنى باسىدۇ. ئەمما ساقچىغا مەلۇم قىلىش كۇنۇپكىسىدا ھېچقانداق ئىنكاس بولمايدۇ. بۇ ئىككى ئايال شۇئان ئۆزلىرىنى بەكمۇ يالغۇز، تايانچىسىز ھېس قىلىدۇ.

دەل مۇشۇ پەيتتە بىر «بۇلاڭچى» بانكا مۇلازىمەت بۆلۈمى ئىشىكىگە ئېتىلىپ كېلىدۇ ھەمدە كىرمەكچى بولىدۇ. «ئەگەر بۇلاڭچى مۇلازىمەت بۆلۈمىگە كىرىدىغانلا بولسا دۆلەتنىڭ پۇلنى پاك ـ پاكىز بۇلاپ كېتىدۇ». لى يۈفېن قاتتىق جىددىيلىشىپ كېتىدۇ، ئۇ «بۇلاڭچى» نىڭ قولىدىكى ئۆزىگە بەتلىنىپ تۇرغان قورالنىمۇ ئويلاشماستىن ئىشىكنى جېنىنىڭ بارىچە تىرەپ چىڭ ئېتىۋالىدۇ، شۇنداقلا تەسلىكتە قولى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ياردەم سوراش ئۈمىدى بولغان مۇلازىمەتچىلەر كىرىپ چىقىدىغان ئىشىكتىكى ساقچىغا مەلۇم قىلىش كۇنۇپكىسىنى باسىدۇ. لېكىن ئۆلگۈر كۇنۇپكىدا يەنىلا ئىنكاس بولمايدۇ. قاتتىق قورقۇپ كەتكەن ھەمدە ياردەمدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن لى يۈفېن نەق مەيداندىلا ھوشىدىن كېتىدۇ.

بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن لى شاۋجۈەن سىرتتا ھېچقانداق سادا بولمىغانلىقنى ھېس قىلىپ، ئوغرىلىقچە كۆزىنى ئېچىپ ئەتراپقا قارايدۇ. ئەجەبلىنەرلىكى «بۇلاڭچى» غايىپ بولغان ئىدى، ئەكسىچە ئامانەت قەرز كوپېراتىپىنىڭ رەھبەرلىرى كۈلۈمسىرىگەن ھالدا مۇلازىمەت زالىغا كىرىپ كېلىۋاتاتتى. ئەسلىدە ھېچقانداق بۇلاڭچى بۇلاڭچىلىق قىلمىغان، بەلكى ئامانەت قەرز كوپېراتىپىنىڭ رەھبەرلىرى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ساپاسىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن پىلانلىغان بىر قېتىملىق بۇلاڭچىلىققا قارشى تۇرۇش مانېۋىرى بولۇپ، ساقچىغا مەلۇم قىلىش كۇنۇپكىسىدىن سىگنال چىقمىغانلىقىمۇ ئۇلارنىڭ توك مەنبەسىنى ئالدىن ئۈزۈۋەتكەنلىكىدىن بولغان ئىكەن.

## ئىنچىكە پىلانلاش

لىەنيۇنگاڭ شەھىرى ئازادلىق غەربىي يولى شەھەر ئامانەت قەرز كوپېراتىپى رەھبەرلىرىنىڭ بۇ قېتىملىق بۇلاڭچىلىققا قارشى تۇرۇش مانېۋىرىنى ئۆتكۈزۈشنى پىلانلىشىغا 1998 ـ يىل ئاخىرىدا مەزكۇر شەھەردە يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق بانكا بۇلاش دېلوسى سەۋەب بولغانىدى.

1998 ـ يىل 11 ـ ئايدا لىەنيۇنگاڭ شەھەرلىك قاتناش بانكـ

سىنىڭ شەھەر رايونىدىكى بىر پۇل ئامانەت پونكىتى بىر قولىدا
ساختا قورال كۆتۈرگەن بۇلاڭچىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ. نۆۋەت-
چىلىك قىلىۋاتقان ئىككى بانكا خادىمى قورقۇپ كەتكىنىدىن نېمە
قىلارىنى بىلمەي قالىدۇ، ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بۇلاڭچى-
نىڭ «پۇل چىقار» دېگىنىنى ئاڭلاپ قورقىنىدىن بولاق ـ بولاق
پۇللارنى يوكەي سىرتىغا ئېتىش بىلەنلا بولۇپ كېتىدۇ. بۇلاڭچى
پۇللارنى بىر سومكىغا لىق قاچىلاپ نەق مەيداندىن قېچىپ كەت-
كەندىن كېيىنمۇ بانكا خادىملىرى يەنىلا ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا
پۇلنى سىرتقا تاشلاۋېرىدۇ. بانكىنىڭ يېپىق يوللۇق تېلېۋىزورىدا بۇ
كۆرۈنۈشلەر بىرمۇ بىر خاتىرىلىنىپ قالىدۇ.

بۇ ساۋاقتىن ئىبرەت ئېلىش ئۈچۈن، مەزكۇر شەھەردىكى
پۇل مۇئامىلە ئورۇنلىرى بانكا بۇلاشتەك جىنايى ھەرىكەتلەردىن
مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن پائال تەدبىر قوللىنىدۇ. مەزكۇر ئامانەت
قەرز كوپېراتىپى ئۇلاردىن يەنىمۇ بىر قەدەم ئالدىدا مېڭىپ بۇ
قېتىملىق بۇلاڭچىلىققا قارشى تۇرۇش مانېۋىرىنى ئېلىپ بارىدۇ.

مانېۋىرنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش،
ساقچىغا مەلۇم قىلىشتىن كېلىپ چىقىدىغان زۆرۈر بولمىغان قالاي-
مىقانچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، «لايىھە» دە 110 قوماندانلىق
مەركىزى بىلەن ئالاقىلىشىش، 110 نىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن
ئاندىن مانېۋىر ئېلىپ بېرىش، ھەمدە مانېۋىر ئاخىرلاشقاندىن كېيىن
110 قوماندانلىق مەركىزىگە مۇداپىئە ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش
توغرىسىدا دەرھال ئۇقتۇرۇش قىلىش لازىملىقى ئالاھىدە تەلەپ
قىلىنىدۇ. مانېۋىر داۋامىدا تىجارەت ئورنىدىكى خىزمەتچى خادىم-
لارنىڭ «بۇلاڭچى» غا قارىتا تەدبىر قوللىنىشىدىن كۆتۈلمىگەن
خېيىم ـ خەتەر كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن «لايىھە» دە،
زۆرۈر تېپىلغاندا «بۇلاڭچى» مۇددەتتىن بۇرۇن سالاھىيىتىنى
ئاشكارىلىسا بولىدىغانلىقى بەلگىلىنىدۇ.

بىر مەزگىل ئىنچىكە پىلانلىغاندىن كېيىن، 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ
كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، بىر مىنبۇس «بۇلاڭچى» لارنى، ئالاقىدار
خىزمەتچى خادىملارنى، ئامانەت قەرز كوپېراتىپىنىڭ رەھبەرلىرىنى
ئېلىپ ئازادلىق غەربىي يولى تىجارەت پونكىتىغا يېتىپ كېلىدۇ.
شۇنداق قىلىپ بۇ بىر مەيدان بۇلاڭچىلىققا قارشى تۇرۇش مانېۋىرى
دەل ۋاقتىدا ئورۇنلىنىدۇ.

### داۋالىنىش خىراجىتىنى چىقىم قىلىشنى
### رەت قىلىش

مانېۋىر مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياقلىشىدۇ. لېكىن ئامانەت قەرز
كوپېراتىپى رەھبەرلىرى ئويلاپمۇ يەتمىگەن بىر پاجىئە دەل مۇشۇ
جايدىن باشلىنىدۇ.

نېرۋىسى ئېغىر دەرىجىدە زەخىملەنگەن لى يۇفېندا مانېۋىر-
دىن كېيىن بىئارام بولۇش، قورقۇش، كۆپ سىيىش قاتارلىق كې-
سەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلۈپ بىرمەرسىنىڭ ئىشىك چەككىنىنى ئاڭ-
لىغىنىدا، ناتونۇش ئادەملەر بولۇپمۇ پايىنەكباش (بۇلاڭچىلار بېشىغا
پايپاق كىيىۋالغاچقا پايىنەكباشقا ئوخشايتتى) لارنى كۆرگىنىدە، دائىم
چىرايى تاتىرىپ، تىترىگىنىدىن تەرگە چۆمۈلۈپ كېتەتتى. ئۇ 3 كۈن
بەرداشلىق بېرىپ ئىشلىگەندىن كېيىن ئامالسىزلىقتىن رۇخسەت
سوراپ دەم ئالىدۇ. لى يۇفېننىڭ ئېرى يىن لىنپىڭ مۇخبىرغا
مانېۋىردىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدە ئىلگىرىكى بەخت ۋە
خاتىرجەملىكنىڭ يوقالغانلىقىنى، ئامالسىزلىقتىن خوتۇنىنىڭ ھالىدىن
خەۋەر ئېلىشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى، بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ خىزمە-
تىنىڭمۇ تەسىرگە ئۇچرىغانلىقىنى، ناۋادا خوتۇنىنىڭ يېنىدا ھەمراھ
بولمىسا يەنە قانداق ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر
قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىر قېتىم
تاماق ئېتىۋاتاتتىم، تۇيۇقسىز خوتۇنۇمنىڭ قاتتىق ۋارقىرىغان ئاۋا-
زىنى ئاڭلاپ ئۆيگە ئېتىلىپ كىردىم. بۇ چاغدا خوتۇنۇم بۇلۇڭدا
تۈگۈلۈپ تىترەپ ئولتۇرۇپتۇ، كىچىك تەرىتىنىمۇ تۇتالماپتۇ. مانې-
ۋىردىن كېيىن ئۇ كىچىككىنە شەپىنى ئاڭلىسىلا قىزىمنىڭ قونچىقىنى
قۇچاقلىغىنىچە ئاشخانىغا ياكى ھاجەتخانىغا قېچىپ كىرىۋالىدىغان
بولۇپ قالدى.»

لى يۇفېننى بۇ ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن مانېۋىردىن
نەچچە كۈن ئۆتۈپلا، ئۇ (ئېرى) لى يۇفېننى دوختۇرخانىمۇ دوخ-
تۇرخانا ئاپىرىپ كېسىلىنى كۆرسىتىدۇ. دەسلەپتە بىرقانچە دوختۇر-
خانا ئۇنى نېرۋا ئاجىزلىقى، قورقۇش كېسىلى، ئۇيقۇسىزلىق كېسىلى
بويىچە داۋالايدۇ، لېكىن كېسەللىك ئەھۋالىدا ئىزچىل ياخشىلىنىش
بولمايدۇ. 1999 ـ يىل 9 ـ ئايدا لىيەنيۈنگاڭ شەھەرلىك 1 ـ خەلق
دوختۇرخانىسى لى يۇفېنغا قارىتا پسىخولوگىيىلىك تەكشۈرۈش
ئېلىپ بارىدۇ ھەمدە پسىخىكا جەھەتتە نورمالسىزلىق كۆرۈلگەن
دەپ قاراپ، ئۇنىڭ نەنجىڭگە بېرىپ داۋالىنىشىنى تەۋسىيە قىلىدۇ.
ئىقتىساد، قاتناش جەھەتتىكى ئامىللارنى نەزەردە تۇتۇپ 1999 ـ
يىل 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى لى يۇفېن لىيەنيۈنگاڭ شەھەرلىك نېرۋا
كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىغا كىرىپ داۋالىنىدۇ.

ئەسلىدە 5 ئاي دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىش ئارقىلىق لى
يۇفېننىڭ كېسەللىك ئەھۋالى تېزگىنلەنگەن ھەمدە ياخشىلىنىشقا
يۈزلەنگەن ئىدى. لېكىن ئىدارە داۋالىنىش چىقىملىرىنى بېرىشنى
رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئامالسىز 2000 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ
كۈنى مۇددەتتىن بۇرۇن دوختۇرخانىدىن چىقىشقا مەجبۇر بولىدۇ،
بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەڭ ياخشى داۋالىنىش مەزگىلىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپلا

قالماي، ئۇنىڭ كېسەلى قايتا قوزغىلىپ، ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئىدارە ئوتتۇرىسىدا بولۇشقا تېگىشلىك بولمىغان زىددىيەت يۈز بېرىدۇ.

**قىيىنغا توختىغان ئەرز**

لى يۈفېننىڭ دۆلەت مەنپەئىتىنى ئۆز ھاياتىدىنمۇ ئۈستۈن ئورۇنغا قويغانلىقى ليەنيۈنگاڭ شەھىرى ئازادلىق غەربىي يولى شەھەر ئامانەت قەرز كوپېراتىپى رەھبەرلىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىدۇ. لى يۈ فېن كېسەل بولۇپ قالغان دەسلەپكى كۈنلەردە ئامانەت قەرز كوپېراتىپى رەھبەرلىرى نەچچە قېتىم ئادەم ئەۋەتىپ يوقلايدۇ ھەمدە كۆڭۈل بۆلۈپ ھال سوراپ تۇرىدۇ. لېكىن لى يۈ فېن قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكتىن، ئەسلىدىكى خىزمەت ئورنىغا كېلىپ ئىشلەشتىن قورقۇپ، ئىدارىدىن خىزمىتىنى تەڭشەپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغىنىدا مەزكۇر ئامانەت قەرز كوپېراتىپى رەھبەرلىرى پوزىتسىيىسىنى دەرھال ئۆزگەرتىدۇ، ئۇلار ئەستايىدىل ئويلاشمايلا قالماستىن، ئەكسىچە ئۇنىڭ مانۇېردىن كېيىن 3 كۈن ئىشلىگەنلىكىنى باھانە قىلىپ، ئۇنى يالغاندىن كېسەل بولۇۋالغان دەپ ئەيىبلەيدۇ.

رەھبەرلەرنىڭ مۇئامىلىسىدىن لى يۈفېن ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر قاتتىق ھەيران بولىدۇ. كۆپ قېتىم رەھبەرلەرنى ئىزدەپ ھەر قېتىمدا ئەيىبلىنىۋەرگەن لى يۈفېن قاتتىق غەزەپلىنىدۇ. بىر كۈنى ئۆزىنى زادىلا بېسىۋالالمىغان لى يۈفېن ئامانەت قەرز كوپېراتىپى مۇدىر ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكىنى بىرلا تېپىپ تېشۈۋېتىدۇ. ئامانەت قەرز كوپېراتىپىنىڭ رەھبەرلىرى لى يۈفېننىڭ چەكتىن ئاشقان قىلمىشىنى ئەلۋەتتە كەچۈرمەيدۇ. ئۇلار ئۇنىڭ كېيىنكى داۋالىنىش چىقىملىرىنى ئاتچوت قىلىشنى رەت قىلىدۇ، بىر قىسىم مائاشىنى تۇتۇپ قالىدۇ، كېيىن بارلىق مائاشىنى تۇتۇپ قالىدۇ. لى يۈفېن ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر يەنە بىر قېتىم قاتتىق زەربىگە ئۇچرايدۇ، ئىقتىسادىي بېسىم ئاستىدا لى يۈفېن كېسەلى تېخى ياخشىلانمىغان ئەھۋالدا دوختۇرخانىدىن قايتىپ چىقىپ ئۆيىدە داۋالىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

2000 ـ يىل 5 ـ ئايدا لى يۈفېننىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان قىزى ماۋماۋ ئاپىسىنىڭ كۈنبويى قورقۇپلا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ رىئاللىقنى قوبۇل قىلالمايدۇ. ئۆز كۆڭلىدىكى ئۇۋاللىق ھېسسىياتىنى باسالماي، يىغلاپ تۇرۇپ يەرلىك گېزىتخانىغا بىر پارچە خەت يازىدۇ. بۇ خەتنى يىن لەنپىڭ كۆرۈپ قالىدۇ، ئۇ كىچىككىنە قىزنىڭ بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ قېلىشىنى خالىمايتتى. ئۇ كۆڭلىدىكى غەزەپ ـ نەپرىتىنى بېسىپ، قىزنىڭ بۇ خەتنى ئەۋەتىشىنى توسايدۇ، شۇنداقلا قىزىغا «ئاپاڭ ئۇچۇن چوقۇم ئادىللىقنى ياقلايمەن» دەيدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ يىن لەنپىڭ ئىنتايىن قىيىنغا توختىغان ئەرز مۇساپىسىنى باشلىۋېتىدۇ.

لى يۈفېن رەھبەرلەر تەرىپىدىن يالغاندىن كېسەل بولۇۋالغان دەپ ئەيىبلىنىپ شۇنچە دەپمۇ ئۆزىنى ئاقلىيالماي تۇرغان كۈنلەردە، يىن لەنپىڭ ئامانەت قەرز كوپېراتىپى رەھبەرلىرىدىن نوپۇزلۇق تارماقلارنى ئىزدەپ ئايالىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

2000 ـ يىل 3 ـ ئايدا يىن لەنپىڭ شىنپۇ رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسىگە كېلىپ دېلو تۇرغۇزۇش كوللېگىيىسىدىن ئەرزىيەت ئىشلىرىدىن مەسلىھەت سورايدۇ. دېلو تۇرغۇزۇش كوللېگىيىسى ئۇنىڭ ليەنيۈنگاڭ شەھەرلىك روھىي كېسەللىكلەرنى ئەدلىيىلىك تەكشۈرۈپ بېكىتىش كومىتېتىغا بېرىپ، لى يۈفېننى ئەدلىيىلىك تەكشۈرۈپ بېكىتىپ كېلىشنى ھاۋالە قىلىدۇ. بۇ كومىتېت جياڭسۇ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بېكىتكەن روھىي كېسەللىكلەرنى تەكشۈرۈپ بېكىتىدىغان ئورۇن بولۇپ، ئىلتىماسنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، روھىي كېسەللىكلەرنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش كومىتېتى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، لى يۈفېننىڭ بىر قانچە دوختۇرخانىدا كېسەل كۆرسەتكەن كېسەللىك تارىخى ماتېرىياللىرىنى كۆرۈپ چىقىدۇ. لى يۈفېننىڭ ئىلگىرى روھىي كېسەللىك تارىخى بار ـ يوقلۇقىنى، شۇنىڭدەك كېسەلنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبىنى تەكشۈرىدۇ. مۇتەخەسسىسلەر تەكشۈرۈپ بېكىتىلگۈچى ئادەتتە مۇلايىمكەن، ئالدىن مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان ھەم ئادەتتىكىگە ئوخشىمايدىغان ئاپەت خاراكتېرلىك روھىي زەربىگە تۇيۇقسىز ئۇچرىغاندىن كېيىن روھىي جەھەتتە غەيرىي نورمال بولۇپ قالغان. ئۇزاق مۇددەت جىددىيلىشىش، قورقۇش، ئۇيقۇسىزلىق سەۋەبىدىن دىققىتىنى ئوڭايلىقچە يىغالمايدىغان، ئاسان ئاچچىقلىنىدىغان بولۇپ قالغان ھەم مىجەز ـ خاراكتېرىدىمۇ روشەن ئۆزگىرىش بولغان، دەپ باھالايدۇ. مۇتەخەسسىسلەر مەزكۇر تەكشۈرۈپ بېكىتىش جەدۋىلىگە مۇنداق خاتىرىلەيدۇ: «لى يۈفېن سوزۇلۇشچان يۈرەك مەنبەلىك روھىي جەھەتتىكى توسالغۇغا گىرىپتار بولغان. ئۇ ئۇچرىغان روھىي ئاملىدىن بولغان غىدىقلىنىش بىلەن روھىي توسالغۇ كۆرۈلگەن ۋاقىت بىر ـ بىرى بىلەن زىچ باغلىنىدىغان بولۇپ، خىزمەت قىلىۋاتقان ۋاقىتتا ئۇچرىغان روھىي ئاملىدىن بولغان غىدىقلىنىش ئوتتۇرىسىدا سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتى مەۋجۇت دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ.»

بۇ تەكشۈرۈپ بېكىتىش نەتىجىسى يىن لەنپىڭ سوتقا ئەرز قىلغاندا كۈچلۈك ئىسپات بولالايتتى. باشقىلارنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن ئۇ شەھەرلىك ئەمگەك ئىدارىسىگە كېلىدۇ، ئۇ مەمۇرىي

2

0

0

1

54

شەكىل ئارقىلىق خوتۇنىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

2000 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ليەنيۈنگاڭ شەھەرلىك ئەمگەك ئىدارىسى يىن لەنپىڭ سۇنغان ئىش ئۈستىدە زەخىملىنىشنى بېكىتىپ بېرىش توغرىسىدىكى ئىلتىماسىنى تاپشۇرۇۋالدى. 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئەمگەك ئىدارىسى ئۆز خىزمەت ھوقۇقى بويىچە بۇ ۋەقەنى تەكشۈردى. بۇ ئىش تىببىي كەسپىي بىلىملەرگە تاقىلىدىغان بولغاچقا، ئەمگەك ئىدارىسى شەھەرلىك ئەمگەك تەكشۈرۈپ بېكىتىش كومىتېتىغا لى يۈفېنىڭ روھىي جەھەتتىكى توسالغۇسى بىلەن مانىۋېر داۋامىدا قورقۇپ كېتىشى ئوتتۇرىسىدىكى سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىپ بېرىشنى ھاۋالە قىلدى. تەكشۈرۈپ تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئەمگەك تەكشۈرۈپ بېكىتىش كومىتېتى ئەڭ ئاخىرىدا چىقارغان تەكشۈرۈش نەتىجىسى بىلەن روھىي كېسەللىكلەرنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ چىقتى. ئۇلار لى يۈفېنىڭ سوزۇلۇشچان يۈرەك مەنبەلىك روھىي توسالغۇغا گىرىپتار بولۇشى بىلەن مانىۋېر داۋامىدىكى روھىي غىدىقلىنىش ئوتتۇرىسىدا سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتى بار، دەپ قارايدۇ. 2000 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ليەنيۈنگاڭ شەھەرلىك ئەمگەك ئىدارىسى ل ئە (2000) 254 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتنى يەنى «لى يۈفېنىڭ مانىۋېر داۋامىدا قورقۇپ كەتكەنلىكتىن كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى ئىش ئۈستىدە زەخىملەنگەن دەپ بېكىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى چىقاردى. بۇ ئۇقتۇرۇش ئازادلىق غەربىي يولى ئامانەت قەرز كوپېراتىپىغا بىر نۇسخا ئەۋەتىپ بېرىلدى.

## ئىككىنچى سوتنىڭ ئەسلى سوت ھۆكۈمىنى كۈچكە ئىگە قىلىشى

ئىش ئۈستىدە زەخىملەنگەنلىك توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇپ ئالغان يىن لەنپىڭنىڭ كۆڭلى ۋاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولدى، لېكىن ئۇ ئۇقتۇرۇشنى ئېلىپ ئامانەت قەرز كوپېراتىپىغا بېرىپ، ئۇلاردىن خوتۇنىنىڭ داۋالىنىش چىقىمىنى ئاتچوت قىلىپ بېرىشنى، تۇتۇپ قالغان مائاشنى بېرىشنى تەلەپ قىلغىنىدا، ئامانەت قەرز كوپېراتىپى رەھبەرلىرى ئۇنىڭ ئىش ئۈستىدە زەخىملەنگەنلىكىنى زادىلا ئېتىراپ قىلمايدۇ. داۋالىنىش چىقىملىرىنى ئاتچوت قىلىپ بەرمەيدۇ، مائاشنى تولۇقلاپ بېرىشنى رەت قىلىدۇ. يىن لەنپىڭ ئىلاجسىزلىقتىن، دورا سېتىۋېلىش تالونلىرىنى ئېلىپ يەنە ئەمگەك ئىدارىسىغا بېرىپ ئەمگەك كېسىم كومىتېتىنىڭ كېسىم قىلىشىنى ئىلتىماس قىلدى.

ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، ئامانەت قەرز كوپېراتىپمۇ ئۇلار بىلەن تەڭ دېگۈدەكلا، ئەمگەك ئىدارىسىنىڭ خىزمەت ئۈستىدە زەخىملەنگەنلىكنى بېكىتىش تەرتىپى قانۇنغا خىلاپ دېگەننى باھانە قىلىپ سوت مەھكىمىسىگە شىكايەتنامە سۇندى، ھەمدە سوت مەھكىمىسىنىڭ ل ئە (2000) 254 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىنى قانۇن بويىچە بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

2001 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ليەنيۈنگاڭ شەھىرى شىنپۇ رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى قانۇن بويىچە كېڭەشمە سوت تەشكىللەپ، ئامانەت قەرز كوپېراتىپىنىڭ ئەمگەك ئىدارىسى ئۈستىدىن قىلغان لى يۈفېنىڭ خىزمەت ئۈستىدە زەخىملەنگەنلىككە قايىل بولمىغانلىق توغرىسىدىكى بۇ دېلونى ئوچۇق سوت قىلدى.

سوت كوللېگىيىسى سوتتا قاراپ چىقىش ئارقىلىق روھىي كېسەللىكلەرنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش كومىتېتى بىلەن ئەمگەك تەكشۈرۈپ بېكىتىش كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشى قانۇنىي كۈچكە ئىگە ھەمدە ئۆزئارا ئىسپات بولالايدۇ، ئامانەت قەرز كوپېراتىپى كۆرسەتكەن ئىسپاتلار يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىككى باھانى ئاغدۇرۇۋېتەلمەيدۇ، دەپ بېكىتتى. جاۋابكار ئەمگەك ئىدارىسىنىڭ لى يۈفېننى خىزمەت ئۈستىدە زەخىملەنگەن دەپ بېكىتىشتىكى كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتىنىڭ پاكىتى ئېنىق، قانۇننى تەتبىقلىشى توغرا، تەرتىپى قانۇنغا ئۇيغۇن بولغان، دەپ بېكىتتى. سوت كوللېگىيىسى نەق مەيداندىلا ل ئە (2000) 254 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتنى، يەنى «لى يۈفېنىڭ مانىۋېر داۋامىدا قورقۇپ كەتكەنلىكتىن كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى ئىش ئۈستىدە زەخىملەنگەن دەپ بېكىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى كۈچكە ئىگە دەپ ئېلان قىلدى. بىرىنچى سوت ھۆكۈمى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئامانەت قەرز كوپېراتىپى قايىل بولماي ئەرز قىلدى. 2001 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ليەنيۈنگاڭ شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى ئوچۇق سوت ئېچىپ مەزكۇر دېلونى تەكشۈردى. ئىككىنچى سوتتا سوت مەھكىمىسى تەكشۈرۈش ئارقىلىق بىرىنچى سوت بېكىتكەن پاكىتلار ئېنىق قانۇننى تەتبىقلىشى توغرا بولغان دەپ قاراپ، بىرىنچى سوت ھۆكۈمى كۈچكە ئىگە، دەپ ھۆكۈم چىقاردى.

(«ئۇرۇمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 2001 ـ يىل 4 ـ ئىيۇل سانىدىن گۈلنىسا كېرىم تەرجىمىسى)

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم

## ئۇخلاش ئوزۇقلىنىشتىن مۇھىم

ئادەم ئۈگىنىش ۋە خىزمەت قىلىۋاتقان چاغدا نۇرغۇن ئوزۇقلۇق ماددىلار سەرپ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە سۈت كىسلاتاسى تۈرىدىكى نۇرغۇن كېرەكسىز ماددىلارنى ئالماشتۇرغانلىقتىن، نېرۋىسى غىدىقلىنىپ، كىشىدە ھارغىنلىق پەيدا بولىدۇ. ئۇخلاش ئادەم تېنى فىزىئولوگىيىسىدىكى بىر خىل قوغدىنىش ھادىسىسى.

ئادەم تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ۋاقىتتا، نەپەسلىنىش ئاجىزلايدۇ، يۈرەك سوقۇشىمۇ ئاستىلايدۇ، قان بېسىمى ۋە بەدەن تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلەيدۇ، ھەتتا مۇسكۇللارمۇ تامامەن بوشىشىدۇ. قىسقىسى، بەدەندىكى بارلىق ئورگانىزملار تۆۋەن ئۈنۈملۈك ھالەتتە تۇرىدۇ، ھەم كۈندۈزى يىغىلىپ قالغان ماددىلار چىقىرىپ تاشلىنىدۇ، ھەم ماددا ئالمىشىش تۆۋەنلەپ، ماغدۇرسىزلىنىدۇ.

ئەگەر ئۇخلىمىغاندا نېرۋا ھۈجەيرىلىرى ئىزچىل ئويغاق ھالەتتە تۇرغاچقا، سەرپ بولغان ماددىلارنى ۋاقتىدا تولۇقلىغىلى بولمايدۇ ـ دە، نېرۋا ھۈجەيرىلىرى ئۆلۈپ، ئادەمنىڭ ئۆمرى قىسقىرايدۇ، ئادەم بىر كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلىمىسا بىر كۈن تاماق يېمىگەندىنمۇ بەك بىئارام بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇخلاش ئوزۇقلىنىشتىن مۇھىم دېيىمىز، ئۇ ئۆمۈرنى ئۇزارتىشقا تايىنىشتىكى بىر خىل فىزىئولوگىيىلىك ھادىسە.

## ئادەمنىڭ سول يۈزى تېخىمۇ چىرايلىق بولىدۇ

يەر شارىدىكى بارلىق ھايۋانلار ئىچىدە ئەڭ چىرايلىقى ۋە ئەڭ كېلىشكىنى ئادەم. دەرۋەقە، ئادەم قۇرۇلمىسىنى ئىنچىكىلەپ كۆزەتتىدىغان بولساق، ئۇ ئوڭ ـ سول دەپ بۆلۈنگەن بولسىمۇ لېكىن مۇتلەق سىممېترىك ئەمەس. مەسىلەن: ئوڭ بىلەك سول بىلەكتىن توم، ئوڭ قول سول قولدىن ئازراق چوڭ بولىدۇ. ئادەم يۈزىنىڭ ئوڭ ـ سول تەرىپىدىمۇ پەرق بار.

بىۋاسىتە كۆزەتكەندە، بەزىلەرنىڭ سول قاپىقى قوش قاپاق، ئوڭ قاپىقى يامپا قاپاق بولىدۇ؛ سول جاۋغىيى ئوڭ جاۋغىيىدىن نازۇك بولىدۇ. گۈزەللىك ئىلمى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بايقىشىچە، بۇ يەردىكى پەرق ـــ سول يۈز دائىم ئوڭ يۈزگە قارىغاندا تېخىمۇ گۈزەل، جەزىبىدار بولۇپ، كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ. سول يۈزنىڭ بۇنداق سېھرىي كۈچكە ئىگە بولۇشىدىكى سەۋەب، ئادەم سەزگۈسىنى باشقۇرىدىغان مەركىزىي نېرۋا تۈگۈنىنىڭ ئادەم بەدىنى چوڭ مېڭىسىنىڭ ئوڭ يېرىمىغا جايلاشقانلىقىدا. بۇلار ئادەم چىرايىدا ئەكس ئەتكەندە، سول يۈز ئەۋزەللىككە ئىگە بولىدۇ. سول يۈزنىڭ كىشىنى تولۇق مەپتۇن قىلىشىدىكى فىزىئولوگىيىلىك ئاساس تاشقى قىياپەت فىگۇرىلىق، چىرايلىق بولۇپ، كىشىلەرگە ئاسانلا گۈزەللىك تۇيغۇسى بېرىدۇ.

## قارا شېكەر بىلەن ئاق شېكەردىن قايسىسىنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبى ياخشى

قارا شېكەر شېكەر قومۇشى شەربىتىنى پىششىقلاش ئارقىلىق قول ئۇچىدا ئىشلەنگەن شېكەر، ئاق شېكەر ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن شېكەر. نۇرغۇن ئادەملەر ئاق شېكەرنى يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ، قارا شېكەرنى ياخشى كۆرمەيدۇ، ئاق شېكەرنى ساپ، پايدىلىق دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە قارا شېكەرنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى ئاق شېكەرنىڭكىدىن يۇقىرى.

قارا شېكەرنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى مول بولۇپ، تەركىبىدە ئادەم بەدىنىدە كەم بولسا بولمايدىغان رىبوفلاۋىن، كاروتىن، ۋىتامىن، نىكوتىن كىسلاتاسى ۋە كالتسىي، سىنىك، تۆمۈر قاتارلىق نۇرغۇن مىكرو ئېلېمېنتلار بار، قارا شېكەر تەركىبىدىكى كالتسىي، تۆمۈر ماددىلىرى ئاق شېكەرنىڭكىگە قارىغاندا زور دەرىجىدە يۇقىرى بولۇپ، كالىي، ماگنىي، سىنىك، ناترىي، سېلېن قاتارلىقلارمۇ ئاق شېكەرنىڭكىگە قارىغاندا كۆپ. بۇ ئوزۇقلۇق ماددىلار ھامىلدارلار، تۇغۇتلۇق ئاياللار، بالىلارغا ئالاھىدە پايدىلىق.

تېنى ئاجىز، ھېيز مەزگىلىدە ئاسان تولغىنىدىغان، توق قىزىل رەڭدە قان ئارىلاش خۇن كېلىدىغانلار قارا شېكەرنى چىلان بىلەن بىرگە قايناتىپ ئىچسە ياخشىلىنىپ كېتىدۇ. تېنى ئاجىز ياكى تۇغۇتلۇق ئاياللار ھەر كۈنى مۇۋاپىق مىقداردا قارا شېكەر ئىچىپ بەرسە، بەدەنگە ئېھتىياجلىق ئوزۇقلۇق ماددىلار كۆپىيىپ، قان تولۇقلاپ روھنى ئۇرغۇتىدۇ، قان ئايلىنىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، مۇسكۇلنى چىڭىتىدۇ، توقۇلمىلارنى يېڭىلايدۇ. تۇغۇتلۇق ئاياللار قارا شېكەرنى كۆپ ئىچىپ بەرسە بالىياتقۇنىڭ تارىيىشىغا، بالىياتقۇدىكى قالدۇقلارنى چىقىرىپ تاشلاشقا، تۇغۇتتىن كېيىن ئاياللارنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە پايدىلىق. بالىلار قارا شېكەرنى مۇۋاپىق ئىچىپ بەرسە ئىشتىھاسىنى ئاچىدۇ، زۆرۈر بولغان كالتسىي، سىنىك، تۆمۈر ھەمدە رىبوفلاۋىن قاتارلىق ئوزۇقلۇقلارنى تولۇقلايدۇ. ئەل ئىچىدە قارا شېكەر بىر خىل ئوزۇقلۇق تولۇقلىغۇچى بولۇپ، دائىم ئىستېمال قىلىپ بەرسە كەم قانلىق ياكى تۇغۇتتىن كېيىنكى قان تولۇقلاشقا پايدىلىق، دېگەن گەپ بار.

قارا شېكەر تەركىبىدە گەرچە ئوزۇقلۇق ماددىلار بىر قەدەر كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەركىبىدە ئارىلاشما ماددىلار كۆپ بولغاچقا، بىۋاسىتە ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ، شۇڭا ئۇنى قايناتىپ ئىچىش كېرەك. ئادەتتە ئائىلىلەردە شۇۋىگۇرۇچ پىشۇرغاندا ئازراق قارا شېكەر ئارىلاشتۇرۇۋېتىلسە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. لېكىن قارا شېكەرنى كۆپ يېيىشكە بولمايدۇ. بالىلار چىشنى ئاسراش ئۈچۈن، شېكەرنى يەپ بولغاندىن كېيىن ئاغزىنى چايقىۋېتىشى كېرەك.

(«بىلىم كالىندارى» دىن تاھىر مامۇت تەرجىمىسى)

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم

# ئىنسانلار گېنى

چېن يۈرۈ

ئىنسانلاردىكى ھەممە كېسەللىك مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا گېندىكى كېسەللىكتىن كېلىدۇ. گېن تەتقىقاتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، كېسەللىك پەيدا قىلىش ئېھتىمالى بولغان غەيرىي نورمال گېننى ئېلىپ يۈرگۈچى كىشى، كەلگۈسىدىكى خىزمەتكە ئورۇنلىشىش قاتارلىق ئىشلاردا كەمسىتىشكە ئۇچرىشى مۇمكىن: گېن ئارقىلىق داۋالاشنىڭ ئۈنۈملۈكلۈكى نۇرغۇنلىغان چوڭ دورا شىركەتلىرىنى گېن پاتېنتىنى ئىلتىماس قىلىش قەددىمىنى تېزلىتىشكە ئالدىراتماقتا: ھالبۇكى گېن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئالىملار بولسا ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتىگە بارغانسېرى ئەھمىيەت بەرمەكتە. بۇ يىل 4 ـ ئايدا خاڭجۇدا «ھاياتلىق ئېتىكىسى، بىئولوگىيىلىك تېخنىكا ۋە بىئولوگىيە بىخەتەرلىكى» توغرىسىدا خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى. بۇ يىغىن كىشىلەرنىڭ ئىنسانلار گېنى بىلەن ئالاقىدار بولغان قانۇنىي مەسىلىلەرگە قارىتا چوڭقۇر ئويلىنىشىنى قوزغىدى:

گېننى ئېلىپ يۈرگۈچى قانداق ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك؟ گېن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى قانداق ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى لازىم؟ گېننىڭ تەتقىقات نەتىجىسى قانداق قانۇنىي ئورۇنغا ئىگە بولىدۇ؟

## ئۆزىڭىزنىڭ گېننى بىلەمسىز؟

ھاياتلىق ئىلمى ساھەسىدىكى خەلقئارالىق ھەمكارلىقتا ھاياتلىق ئېتىكا پرىنسىپىغا چوقۇم رىئايە قىلىش لازىم. ھاياتلىق ئىلمىدىكى بارلىق تەتقىقاتتا، ئەھۋالنى ئۇقۇپ ماقۇل بولۇش ئەڭ مۇھىم پرىنسىپتۇر؛ بۇ ب د ت تەستىقلىغان «ئىنسانلار گېن گۇرۇپپىسى ئەھدىنامىسى» دا ئالاھىدە كۆرسىتىلگەن. 2000 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى شيۇڭ لېي بىلەن جۇ يەننىڭ ئامېرىكا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى دابېيشەندىكى دېھقانلارنىڭ قان ئەۋرىشكىسىنى ئېلىپ گېن تەتقىقاتى ئۈچۈن ئىشلەتكەنلىكى توغرىسىدىكى بىر پارچە ماقالىسى جۇڭگو يۇقىرالىرىنىڭ «ئەھۋالنى ئۇقۇپ ماقۇل بولۇش» ئېڭىنى ئويغاتتى.

ئامېرىكىنىڭ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى ئاممىۋى سەھىيە ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئاپپاراتلار يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۆلەت ئىچىدىكى بىر قىسىم ئورۇنلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، زىققا (دەم سىقىلىش) كېسىلى قاتارلىق كېسەللەرنىڭ ئىرسىيەت گېنىغا قارىتا تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئۇلار ئاساسلىقى ئەنخۇيدا قان ئەۋرىشكىسى ئالغان. تونۇشتۇرۇلۇشىچە، بۇ تۈردە «ئىككى مىليارد جۇڭگولۇق» نىڭ گېن ئەۋرىشكىسى ئېلىنغان (2001 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىكى «نەزەر» ھەپتىلىك ژۇرنىلى). ئېلىمىزنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى تۈزگەن «ئىنسانلار ئىرسىيەت مەنبەسىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، قان ئەۋرىشكىسىنى ئالغاندا قان ئەۋرىشكىسى بىلەن تەمىنلىگۈچىلەرگە ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش لازىم.

«ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇپ، ماقۇللۇقىنى ئېلىش» — تەتقىقاتچىلارنىڭ قان ئەۋرىشكىسى بىلەن تەمىنلىگۈچىلەرگە قان ئەۋرىشكىسىنىڭ نېمىگە ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشى ھەمدە تەمىنلىگۈچىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن ئاندىن ئەۋرىشكە ئېلىشى لازىملىقىغا قارىتىلغان. بۇ كىشىلىك قەدىر ـ قىممەت ھوقۇقىغا قىلىنغان ھۆرمەت. بېيجىڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتورى خوشياۋمېي مۇنداق قارايدۇ: ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇپ ماقۇللۇقىنى ئېلىشتىكى تۆت ئامىل (ئۇچۇرنى ئۇقتۇرۇش، ئۇچۇرنى چۈشىنىش، قوشۇلۇش ئىقتىدارى، ئۆزى بىلدۈرگەن ماقۇللۇق) دا، ئۇچۇرنى بىلدۈرۈش ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، چۈنكى تەتقىقاتقا قاتناشقۇچى (ئەۋرىشكە بىلەن تەمىنلىگۈچى) نىڭ ئەھۋالنى بىلىش ھوقۇقى تەتقىقاتچىنىڭ ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇش مەجبۇرىيىتىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ھالبۇكى، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى ئەنخۇيدە قان ئەۋرىشكىسى ئالغاندا، قان ئەۋرىشكىسى بىلەن تەمىنلىگۈچىلەرگە ئەھۋالنى ئۇقتۇرماي ئۇلارنىڭ





2001

ماقۇللۇقنى ئالمىغان. شيۇك لىي يۈشى ناھىيىسىدە سالامەتلىك تەكشۈرۈش نامى بىلەن ئىككى قېتىم قېنى ئېلىنغان جۇ مېيەنچى ئائىلىسىنى زىيارەت قىلغاندا، بۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ھېچكىمنىڭ ئۇلارغا ئەھۋالنى ئۇقتۇرمىغانلىقىنى، ماقۇللۇقنى ئېلىش ھۆججىتىنى كۆرسەتمىگەنلىكىنى ۋە ئوقۇپ بەرمىگەنلىكىنى، ئۇلار ئۆزىنىڭ خارۋارد بىلەن بولغان ھەمكارلىقىنىمۇ بىلمەيدىغانلىقىنى كېسىپ ئېيتتى. شيۇك لىي مۇنداق دەپ قارايدۇ: «ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇپ، ماقۇللۇقنى ئېلىش» ئۇقۇمى دۆلىتىمىزدە تېخى ئومۇملاشمىغان ئەھۋال ئاستىدا، تور تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىنىڭ بۇ ئۇقۇمنى تەتقىقات تورىغا قاتناشقۇچى ھەر بىر ئادەمگە بىلدۈرۈش مەجبۇرىيىتى بار.

ئامېرىكىدا گېن تەتقىقاتىدا DNA ئەۋرىشكىسىنى توپلىغاندا، ئەۋرىشكە بىلەن تەمىنلىگەن بىرەر كىشىگە ئەھۋال ئېنىق ئۇقتۇرۇلماي، ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقى ئېلىنمىسا، بارلىق تەتقىقات ئىنكار قىلىنىدۇ. ئامېرىكا خەلقئارالىق ئىرسىيەت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ قورغۇچىسى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە DNA ئەۋرىشكىسىنى توپلىغاندا، ئەۋرىشكە بىلەن تەمىنلىگۈچىگە ئەھۋالنى ئۇقتۇرمىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالمىغانلىقى ئۈچۈن تەكشۈرۈلمەكتە.

ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇپ، ماقۇللۇقنى ئېلىش پرىنسىپىنى تەشەببۇس قىلىش، بۇ پرىنسىپقا يانداش يەنە ئىككى ئاساسىي ھوقۇقنىڭ يەنى مەنپەئەت ئېلىش ھوقۇقى بىلەن شەخسىي سىرىنى ساقلاش ھوقۇقىنىڭ بولمىغانلىقىدا.

ئامېرىكىدا كىچىك مالىكۇللۇق دورىلارنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش ھەمكارلىقىدا، ئەگەر مەلۇم بىر كىشى ئەۋرىشكە ۋە ئۇنىڭ خىمىيۋى قۇرۇلمىسى بىلەن تەمىنلىسە، بۇ خىمىيۋى قۇرۇلما ئامېرىكا يېمەكلىك دورا بۇيۇملىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتۈپ بازارغا سېلىنسىلا، ئەۋرىشكە بىلەن تەمىنلىگۈچى ئاز دېگەندە سېتىلىش سوممىسىنىڭ 3% ـ 5% گىچە ھەق ئېلىشى كېرەك. مانا بۇ ئەۋرىشكە بىلەن تەمىنلىگۈچىنىڭ مەنپەئەت ھوقۇقىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى بولىدۇ. كېسەللىك گېنى كېلونلاشتۇرۇپ چىقىلسا، ئۇنىڭدىن ئالىدىغان مەنپەئەت غايەت زور رەقەم بولۇپ كېتىدۇ. لېكىن، ئەنخۇينىڭ يۈشى ناھىيىسىدىكى بۇ دېھقانلار ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇپ، ماقۇللۇقنى ئېلىش ھۆججىتىگە قول قويمىغان تۇرسا، ئۇلار ئۆزى تەمىنلىگەن گېن ئەۋرىشكىسى ئىكەنلىكىنى قانداق بىلىدۇ؟ ئۇلار يەنە قانداق ئىسپات بىلەن مەنپەئەتكە ئېرىشىدۇ؟

گېن تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتى بىزگە كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزنىڭ دۇنيا بويىچە ئىنسانلار گېنى مەنبەسىگە ناھايىتى باي ئىكەنلىكىنى تونۇتتى. ئالىملار بۇ قىممەتلىك بايلىقنى قوغداش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە گېن ئەۋرىشكىسى بىلەن تەمىنلىگۈچىنىڭ شەخسىي سىرىنى ساقلاش ھوقۇقىنى قوغدايدۇ. بۇ مەسىلىگە قارىتا تەتقىقاتى بىر قەدەر زور بولغان تۆمۈر يول مىنىستىرلىكىدىن خەن ۋەنچۈەن خانىم مۇنداق دەيدۇ: «قان ئەۋرىشكىسىدە ئادەمنىڭ ھەممە ئىرسىيەت ئۇچۇرى مەسىلەن، ئۇنىڭ ئىچىدە شەخسىي خاراكتېر، گىرىپتار بولغان ياكى گىرىپتار بولۇش ئېھتىمالى بولغان مەلۇم كېسەللىك ئۇچۇرى بار. كىشىلەر باشقىلارنىڭ ئۇنى بىلىشىنى چوقۇم خالىمايدۇ، بۇ روشەنكى شەخسنىڭ سىرىنى ساقلاش ھوقۇقىغا تەۋە بولۇپ، قوغدىلىشى ۋە ھۆرمەت قىلىنىشى كېرەك.» بۇ خانىم مۇنداق دەيدۇ: «شەخس تەمىنلىگەن قان ئەۋرىشكىسىنى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن مۇۋاپىق، بىخەتەر بىر تەرەپ قىلىش تەدبىرىنى قوللىنىش، سىرتقا تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى مەزكۇر كىشىگە تاپشۇرۇشتىن باشقا، ئەگەر ماتېرىيال سۈپىتىدە ساقلاپ تەتقىقاتتا ئىشلەتمەكچى بولسا، چوقۇم مەزكۇر شەخسنىڭ يازما ماقۇللۇقى بولۇشى كېرەك. ئەۋرىشكىنى ئەدلىيە تارماقلىرى قانۇن ئىجراسىدا ئىشلەتكەندىن باشقا، رۇخسەتسىز 3 ـ تەرەپكە تەمىنلەشكە بولمايدۇ، ئۇنداق بولمىغاندا ئەۋرىشكە بىلەن تەمىنلىگۈچىنىڭ شەخسىي سىرىنى ساقلاش ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلغانلىق دەپ قارىلىپ، مۇناسىپ ھەق تەلەپ قانۇنىي مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.»

ھازىر ھەر بىر ئادەم مەكتەپكە كىرىش، خىزمەتكە ئورۇنلىشىش، سۇغۇرتىغا قاتنىشىش، نىكاھلىنىشتا سالامەتلىك تەكشۈرتىدۇ، كەلگۈسىدە گېن تەكشۈرۈش تېخنىكىسى ئومۇملاشسا، گېن تەكشۈرۈش نەتىجىسى بىلەن تەمىنلەش تەلەپ قىلىنامدۇ ـ يوق؟ خەن ۋەنچۈەن خانىم مۇنداق دەيدۇ: «بۇنىڭدا شەخسنىڭ سىرىنى ساقلاش ھوقۇقىغا ۋە قارشى تەرەپكە ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇپ، ماقۇللۇقنى ئېلىشقا چېتىلىدىغان مەسىلە مەۋجۇت. سودا سۇغۇرتىسىنى مىسالغا ئالساق، مەلۇم كىشى گېن

تەكشۈرتۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ 100 ياشقا كىرەلەيدىغان- لىقىنى بىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىگە تەدرىجىي ئۆ- شۈپ ماڭىدىغان ياشانغاندا بىقىلىش سۇغۇرتىسىنى تاللاي- دۇ، ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ 50 ياشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىدى- غانلىقىنى بىلسە، ئۇ ئۆزىگە 60 ياشقىچىلا بولغان قەرەللىك ئۆمۈر سۇغۇرتىسىنى تاللىشى مۇمكىن، بۇنداق بولغاندا سۇغۇرتا شىركىتى زىيان تارتمامدۇ. سودا ئاپپاراتى بولغان سۇغۇرتا شىركىتى سۇغۇرتىغا قاتناشقۇچىنىڭ گېن ئۇچۇ- رىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇ ئالدىنقى خىلدىكىسىگە پەقەت 70 ياشقىچە بولغان قەرەللىك ئۆمۈر سۇغۇرتىسىنى تاللا- شقا، كېيىنكى خىلدىكىسىنى قېرىغاندا بىقىلىش سۇغۇرتى- سىنى تاللاشقا سەپەرۋەرلىك قىلىشى مۇمكىن. ئۇ ھالدا ئىككى تەرەپنىڭ مەنپەئەتى بىرلىككە كېلەلمەي، ئاخىرىدا سۇغۇرتا توختامى سۇغا چىلىشىدۇ. ئېغىر كېسەللىك سۇ- غۇرتىسىدىمۇ ئوخشاش ئەھۋاللار كۆرۈلۈشى مۇمكىن. بۇنداق بولسا سۇغۇرتا شىركىتى ئىشلەشنى خالامدۇ، كى- شىلەرمۇ پەقەت تاسادىپىي زەخملىنىش سۇغۇرتىسىنىلا تاللىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا نۇرغۇن سۇغۇرتا شىركىتى تاقىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.»

ئېنگلىشىمىزچە، ھازىر بەزى تېببىي ئۇنىۋېرسىتېت- لارنىڭ يەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى سۇغۇرتا شىركىتى بىلەن بىرلىكتە سۇغۇرتىغا قاتناشقۇچىلارنىڭ گېنىنى تەكشۈرگەن. ئادەمنى ئەجەبلەندۈرىدىغىنى شۇكى، ئۇلار بۇنى پەقەت يەن تەتقىقات ھەرىكىتى دەپلا قارىغان بو- لۇپ، ھېچكىم بۇنى ھوقۇقىغا ئېغىر دەرىجىدە دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزگەنلىك دەپ قارىمىغان.

## پەرقلىق گېن كەمسىتىشكە ئۇچرامدۇ؟

1997 ـ يىلى، ئامېرىكىلىق كوكېرس دىزىز (Cauchers disease) كېسىلىنى ئېلىپ يۈرگەن بىر ئەر (بۇ جىگەر، تال يوغىناپ، سۆڭەكلەر رودىمېنتلىشىدىغان بىر خىل يوشۇرۇن خاراكتېرلىك ئىرسىيەت كېسەللىكى. بۇ كېسەل بەلكى بالىسىغا ئىرسىيەت بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، لېكىن، گېن ئېلىپ يۈرگۈچىدە قوزغالمايدۇ) نىڭ گېنى سەۋەبلىك ئىشلىتىلمىگەن. ئۇنىڭ گېنىنىڭ ئۆزگىرىشى ھازىر ۋە كەلگۈسىدىكى خىزمەت ئىقتىدارىغا قىلچە تەسىر قىلمايدىغان ئەھۋالدا شۇنداق بولغان. مانا بۇ گېن كەم- سىتىشى. ئۇ شەخسنىڭ گېن قۇرۇلمىسىنىڭ نورمال گېنغا

ئوخشاش بولمىغانلىقىدىن بولۇپ، شۇ ئادەم ياكى ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ خىزمەت، سۇغۇرتا قاتارلىق جەھەت- لەردە ئادىل مۇئامىلىگە ئۇچرىماي كەمسىتىلىشنى پەيدا قىلىدۇ.

2001 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئېلىمىزدىكى تۇنجى «گېن كىملىك» ى چېڭدۇدا دۇنياغا كەلدى. بۇ- نىڭ ئىگىسى 7 ئايلىق بوۋاق بولۇپ، بالىنىڭ ئاتا ـ ئا- نىسىنىڭ بۇ كىملىكنى بېجىرىشىدىكى سەۋەب بالىنىڭ يۇتۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىشىدىن بولغان. بۇ، گەرچە ياخشى ئىش بولسىمۇ، لېكىن ئاتا ـ ئانىسى بالىنىڭ گېن ئۇچۇرىنى مەخپىي ساقلاشقا سەل قارىغان بولۇشى مۇم- كىن. ئەگەر بۇ كىملىك كەلگۈسىدە بالىنىڭ خىزمەتكە ئورۇنلىشىش مەسىلىسىگە تەسىر قىلىپ قالسا، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى پۇشايماننى ئالدىغان قاچا تاپالماي قېلىشى مۇمكىن. بۇ ئىش شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، گېن بىلىملىرى ۋە گېن ئارقىلىق پەيدا بولغان بىر قاتار ئىجتىمائىي، قانۇنىي مەسىلىلەرنىڭ مەملىكىتىمىزدە ئومۇملىشىشى تېخى ئەمدى باشلاندى.

گېن ئۇچۇرىدىن ئەگەر خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش جەريانىدا مۇۋاپىق پايدىلانسا، خىزمەتچى ۋە ئىشلەتكۈ- چى ئورۇننىڭ ھەر ئىككىسىگە پايدىلىق بولىدۇ. مەسىلەن، خىزمەتچىنىڭ گېن ھالىتىگە قاراپ ئىش تۈرىنى تەقسىم قىلسا، خىزمەتچىنىڭ خىزمەت تۈپەيلى كەسپىي كېسەللىك- لەرگە گىرىپتار بولۇش خەۋپىنى تۆۋەنلەتكىلى بولىدۇ، ياكى تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئارقىلىق خىزمەت مۇھىتىنى ۋە تازىلىق شارائىتىنى ياخشىلىغاندىمۇ، كارخانىدا ھادىسە يۈز بېرىشنى ئازايتىپ، سەرپىياتنى تۆۋەنلەتكىلى بولىدۇ. لېكىن، نۆۋەتتىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، خادىم ئىشلەت- كۈچى ئورۇن خادىم قوبۇل قىلىش جەريانىدا، ئەگەر خىزمەتكە كىرىشنى ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ گېن ئۇچۇرىغا ئىگە بولسا، ئالدى بىلەن ئويلىشىدىغىنى قانداق قىلىپ خىزمەت مۇھىتىنى ياخشىلاش مەسىلىسى بولماستىن، بەل- كى، قوبۇل قىلىش ـ قىلماسلىق بولۇشى مۇمكىن. شەرقىي جۇڭگو سىياسىي قانۇن ئىنىستىتۇتىنىڭ دوكتورى چيۇ گېپىڭ مۇنداق دەيدۇ: «مەنپەئەت مۇناسىۋىتى بولغان- لىقى ئۈچۈن، خادىم ئىشلەتكۈچى ئورۇن ئۆزگەرگەن گېننى ئېلىپ يۈرگۈچىنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلىشى مۇمكىن. بۇنىڭ سەۋەبى ئۆزگەرگەن گېننى ئېلىپ يۈر- گۈچىدە تۆۋەندىكى مەسىلىلەر پەيدا بولۇش ئېھتىمالى

بار: بىرىنچى، خىزمەتچىنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، خىزمەت ئۈنۈمىگە تەسىر يەتكۈزۈشى مۇمكىن؛ ئىككىنچى، خىزمەتچى ئاغرىق سەۋەبىدىن رۇخسەت سوراپ ياكى ئىشقا كەلمەي پۈتۈن ئىدارىنىڭ خىزمەت تەقسىماتى ۋە ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇشىغا تەسىر يەتكۈزۈشى مۇمكىن؛ ئۈچىنچى، خىزمەتچى ئاغرىق سەۋەبىدىن مۇددەتتىن بۇرۇن پېنسىيىگە ۋە دەم ئېلىشقا چىقسا، ئىدارە چوقۇم ئۇنىڭ ئورنىغا باشقىدىن ئادەم قوبۇل قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن تەربىيىلەش تەننەرخى ئېشىپ كېتىدۇ؛ تۆتىنچى، ئەگەر، ئىدارە خىزمەتچىلەرنىڭ داۋالىنىش چىقىمىغا مەسئۇل بولسا، خىزمەتچىنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولمىسا، ئىدارىنىڭ داۋالاش چىقىمى كۆپىيىدۇ؛ بەشىنچى، خىزمەتچىنىڭ سالامەتلىكى تۈپەيلى ئالمادىس ھادىسە كۆرۈلسە، ئىدارە داۋالىنىش ھەققىنى تۆلەپلا قالماي، يەنە باشقا خىراجەتلەرنىمۇ تۆلىشى مۇمكىن. شۇڭا، خادىم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار خادىم قوبۇل قىلغاندا ئۇلارنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىغا ناھايىتى دىققەت قىلىدۇ.»

ھالبۇكى، گېن كەمتۈكلۈكنى رېئاللىقتا ئىلمىي ئاساسى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنى توغرا دېگىلى بولمايدۇ. بىر جەھەتتىن ئىرسىيەتشۇناسلىق قارىشىچە، گېن كەمتۈك بولۇش سەۋەبىدىن كېسەللىك كۆرۈلۈش ئېھتىمالى جەزمەن كۆرۈلىدىغان، جەزملەشتۈرگىلى بولمايدىغان، كۆرۈلمەيدىغان دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدىكەن. بىرىنچى تۈردىكى گېن كەمتۈكلۈك بايقالغان كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى گېندا ناھايىتى ئاز سانلىق بولىدۇ. قالغان ئىككى تۈردىكىسىدە گەرچە گېنلاردا كەمتۈكلۈك بولسىمۇ، لېكىن كېسەلنىڭ قوزغىلىشىغا يەنە خېلى ئۇزاق ۋاقىت كېتىدۇ. كېسەللىك ئۆزگىرىشىنى پەيدا قىلىدىغان گېن كەمتۈكلۈكى بولسىمۇ، كېسەللىك قوزغىلىش ئېھتىمالى باشقا نۇرغۇن ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، يۇقىرى بولۇشى ناتايىن.

گېن جەھەتتىكى بىلىمىمىز چەكلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ھېچقانداق ئاساسى يوق بولمىغان گېن كەمستىشى ئومۇميۈزلۈك چەكلەنمىسە، ئادەم بايلىقىنىڭ زور دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. دوكتور چيۇ گېيىڭ مۇنداق دەيدۇ: «دۆلىتىمىزدە نۆۋەتتە گېن كەمستىشنى چەكلەيدىغان قانۇن يوق. ئېلىمىزنىڭ گېن تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بىز بۇنى سىستېمىلاشتۇرۇپ، قېلىپلاشتۇرۇپ، ئامېرىكا دۆلەتلىك تەتقىقات جەمئىيىتى مۇتەخەسسىسلەر ھەيئىتىنىڭ رەئىسى ۋىلىيام سىگېل ئېيتقان ‹ئىنسانلار گېن گۇرۇپپىسىنىڭ كۆپ خىل تەتقىقاتى گەرچە ناھايىتى زور قىممەتكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن، بىز ئەخلاق بىلەن قانۇننىڭ بەس ـ مۇنازىرىسى ئاخىرىدا بىرىپ توسالغۇ بولۇپ، پىلاننىڭ مەغلۇپ بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىنلىكىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز› دېگىنىدەك ھالەتنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلىنىشىمىز لازىم.»

## گېن پاتېنتىنى ئىلتىماس قىلىشقا بولامدۇ؟

گېن بىر تۈرلۈك چەكلىك بايلىق، ئۇنىڭ ناھايىتى زور سودا قىممىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، بىر مەيدان «گېن تالاش ـ تارتىشى» بۇ ساھەدە باشلاندى. بىر قىسىم تەرەققىي تاپقان ئەللەر ۋە دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەر بەس ـ بەستە تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەردە مەلۇم قىممەتكە ئىگە بولغان ئۇرۇقداشلىق تارىخىغا ئىگە كېسەللەرنى ئىزدەپ، شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك كېسەللىك گېنىغا ئېرىشىش ۋە كېلونلاشتۇرۇشقا تەشنا بولماقتا. تېخى پاتېنت ھوقۇقىنى ئىلتىماس قىلىپ، شۇ ئارقىلىق گېنلىق دورىلارنى ئىشلەپچىقىرىپ تەرەققىي قىلغان ئەللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ دورا بازارلىرىنى ئىگىلەپ، ئۇنىڭدىن زور پايدىغا ئېرىشمەكچى. خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ئامېرىكىدىكى كېلېرا (Calera) شىركىتى 10 مىڭدىن ئارتۇق گېن بىلەن مۇناسىۋەتلىك تۈرنىڭ پاتېنت ھوقۇقىنى ئىلتىماس قىلغان؛ ئىنسايت (Incyte) شىركىتى 6300 تۈرلۈك گېن پاتېنت ھوقۇقىنى ئىلتىماس قىلغان؛ ئىنسانلار گېن ئىلمى (HGC) شىركىتىمۇ 6700 تۈرلۈك گېن پاتېنتىنى ئىلتىماس قىلغان.

گېننىڭ پاتېنت ھوقۇقىنى ئىلتىماس قىلىشقا بولامدۇ؟ گېن ئىرسىيەت ئېففېكتى بولغان DNA مالېكۇلىسىنىڭ بۆلىكى بولۇپ، ئۇ خروموسومىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ھەمدە خروموسومىدا يىپ شەكلىدە تىزىلىپ تۇرىدۇ. گېن كۆپەيتىش ئارقىلىق ئىرسىيەت ئۇچۇرىنى كېيىنكى ئەۋلادىغا قالدۇرۇپلا قالماستىن، يەنە ئىرسىيەت ئۇچۇرىنى ئىپادىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالايدۇ، يەنى، ئىرسىيەت ئۇچۇرىنى بەلگىلىك ئۇسۇلدا ئاقسىل مالېكۇلىسىنىڭ قۇرۇلمىسىدا ئىنكاس قىلىپ، كېيىنكى

ئەۋلادىنى يېڭى ئەۋلاد بىلەن ئوخشاش شەكىلدە ئىپادىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، گېن ئىنسانلار تېنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، ھەر بىرىمىز ئىگە بولغان ئالاھىدە گېنلار بولسا، ئاتا-بوۋىلىرىمىز بىزگە مىراس قالدۇرغان ۋە ئۆزىمىزدە بار بولغان نەرسە، سىز باشقىلارنىڭ سىزنىڭ گېنىڭىزنىڭ پاتېنت ھوقۇقىنى ئىلتىماس قىلىشىغا يول قويامسىز؟

بۇ، دۇنيا مىقياسىدا بەس-مۇنازىرە توختىمايۋاتقان بىر تېما. بىر خىل قاراشتىكىلەر گېن ئىلمىي بايقاشقا تەۋە، ئالىملار بايقىغان مەلۇم تۈرلۈك گېن بولسا پەقەت تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇتلۇقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان نەرسە، ئۇنىڭغا پاتېنت ھوقۇقىنى بېرىشكە بولمايدۇ دېسە، يەنە بىر خىل قاراشتىكىلەر، بەزى گېنلار ئالىملارنىڭ بىرىنچى قېتىم تېخنىكىلىق ئۇسۇل بىلەن ئۇنى DNA تەرتىپىدىكى مەلۇم بۆلەكتىن ئايرىۋېلىپ ياكى كېلونلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالاھىدە قوللىنىلىش قىممىتىنى ئىپادىلەپ چىقارغان بولۇپ، بۇ قانداقتۇر ئىلمىي بايقاش بولماستىن، بەلكى ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشتىكى تېخنىكىلىق كەشپىيات، شۇڭا، پاتېنت ھوقۇقى بېرىش كېرەك، دەپ قارايدۇ. بۇنىڭدىن بۇ ئىككى خىل قاراشنىڭ كۆزدە تۇتقىنى ئەمەلىيەتتە ئوخشاش بولمىغان ئوبيېكت ئىكەنلىكىنى، يەنى ئۇنىڭ بىرى ئادەم تېنىدىكى گېننىڭ پاتېنت مەسىلىسىنى كۆرسەتسە، يەنە بىرى، مەلۇم تۈرلۈك گېننى ئايرىپ چىقىرىش تېخنىكىسىنىڭ پاتېنت ھوقۇقى مەسىلىسىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

گېن — كەشپىيات ئەمەس، شۇڭا ئۇنىڭ پاتېنت ھوقۇقىنى ئىلتىماس قىلغىلى بولمايدۇ، لېكىن گېننى ئىزدەشكە كەتكەن زور سېلىنما ۋە ناھايىتى زور سودا قىممىتى، نۆۋەتتە، ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا پاتېنت ھوقۇقى بىلەن «فۇنكسىيىسى ئېنىقلىنىپ بولغان گېن» نى قوغداش ئادەتكە ئايلىنىپ قالدى. ئامېرىكا پاتېنت ۋە ماركا ئىدارىسىنىڭ باياناتچىسى بۇلىجىد كوئېن مۇنداق دەيدۇ: «ئامېرىكىدا نۆۋەتتە 20 مىڭدىن ئارتۇق گېن پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن بولۇپ، ئۇ 1000 دانە مۇكەممەل بولغان ئىنسانلار گېنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىلىم-پەن ساھەسىدىكى نۇرغۇن ئەربابلار سودىدىكى پايدىنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن، ئىنسانلارنىڭ گېن گۇرۇپپىسىنى تەتقىق قىلىشتا پۈتۈنلەي كۆزلەشتەك چاكىنىلىقنى ئۆزگە يۇقتۇرۇۋېلىشى، ھەتتا قالايمىقان ئىشلىتىپ كېتىشى مۇمكىن. شۇڭا، گېننىڭ پاتېنت ھوقۇقىنى ئىلتىماس قىلىشنى چەكلەشنى مۇراجىئەت قىلىپ، سودا بىلەن ئاممىنىڭ مەنپەئەتى ئارىسىدا نورماللىقنى ساقلاش كېرەك.»

قانۇن ساھەسىدىكى ئالاقىدار زاتلارنىڭ قارىشىچە، كەلگۈسىدىكى گېن دەۋرىدە، مەيلى تەشۋىقات ۋاستىلىرى بولسۇن ياكى ئالىملار بولسۇن گېن ۋە قانۇنغا مۇناسىۋەتلىك تېرمىنلارنى ئىمكانقەدەر توغرا قوللىنىپ، ئاممىنى خاتا قاراشقا يېتەكلەپ قويۇشتىن ساقلىنىش كېرەك. قاتتىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، «پاتېنت ھوقۇقى بولغان گېن» ياكى «گېننىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى» دېگەندەك تېرمىنلارنىڭ ھەممىسى توغرا ئەمەس، چۈنكى بۇنىڭدا گېن بىلەن گېننىڭ ئىگىسى، گېن بىلەن بۇ گېننى بايقىغۇچى، گېن مەھسۇلاتى ياكى گېننى ئايرىش تېخنىكىسى ۋە ئۇنى كەشپ قىلغۇچى، گېن بىلەن جەمئىيەتنىڭ قانۇنىي مۇناسىۋىتى قاتارلىق مەسىلىلەر ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن.

*گېن بىلەن گېن ئىگىسىنىڭ قانۇنىي مۇناسىۋىتى:* گېن قان سۇيۇقلۇقىدىن ئايرىپ ئېلىنغان بولۇپ، قان ئادەم تېنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ گېنىغا نىسبەتەن تۇغما ھوقۇققا ئىگە بولۇپ، ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئۇنى تارتىۋېلىشىغا بولمايدۇ. مەلۇم كىشى ئۆزىنىڭ گېننى جەمئىيەتكە تەقدىم قىلسا، ئۇنىڭ شۇ گېننىڭ نەگە ۋە نېمىگە ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى بىلىش ھوقۇقى بولىدۇ. مەلۇم كىشى ئۆزىنىڭ گېننى مەلۇم بىر تەشكىلاتقا سېتىپ بەرگەندە، گېننىڭ تەۋەلىك ھوقۇقى يۆتكەلمەيدۇ، يۆتكەلگىنى پەقەت ئىشلىتىش ھوقۇقى بولىدۇ. بۇ، ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ بۇ گېننى خالىغانچە ئېلىپ سېتىشىغا بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇنداق بولمىغاندا گېن ئىگىسىنىڭ ھەق-تەلەپ ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلىش قىلمىشىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

*گېن بىلەن بۇ گېننى بايقىغۇچىنىڭ قانۇنىي مۇناسىۋىتى:* مەلۇم گېننى بايقىغۇچىنىڭ بايقاش ھوقۇقى بولۇش كېرەك، بىر خىل بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى بولۇپ، بايقىغۇچى ئۆزىنىڭ بايقىشىنى ئۆز نامى بىلەن ئاتاش ھوقۇقىغا ئىگە.

*گېن مەھسۇلاتى بىلەن گېننى ئايرىش تېخنىكىسىنىڭ كەشپىياتچى بىلەن بولغان قانۇنىي مۇناسىۋىتى:* گېن مەھسۇلاتى ياكى گېننى ئايرىش تېخنىكىسىنىڭ كەشپىياتچىسى بۇ مەھسۇلات ياكى بۇ تېخنىكىغا نىسبەتەن پاتېنت

ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ، لېكىن بايقىغان گېنغا نىسبەتەن پاتېنت ھوقۇقى بولمايدۇ. يەنى، بايقىغۇچى مەلۇم گېننى بايقاش جەريانىغا قارىتا پاتېنت ھوقۇقىنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ، لېكىن بايقاش نەتىجىسىگە قارىتا پاتېنت ھوقۇقىنى ئىلتىماس قىلىشقا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ نەتىجىسى ئەزەلدىنلا بار نەرسە.

*گېن بىلەن جەمئىيەتنىڭ قانۇنىي مۇناسىۋىتى:* بۇنىڭدا ئاساسلىق دېيىلمەكچى بولغىنى، ئىنسانلار گېن گۇرۇپپىسى بىلەن پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى ئورتاق بەھرىمەن بولۇش مۇناسىۋىتى بولۇشتىن ئىبارەت. ئىنسانلار بولسا پەقەت بىر گېن گۇرۇپپىسى، ئۇ نۇرغۇن دۆلەتلەردىكى ئالىملارنىڭ ئورتاق سىناق قىلىشى بىلەن تاماملانغان. مانا بۇ ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكىگە «ئىنسانلار گېن گۇرۇپپىسىنىڭ سىخېمىسى» كىرگۈزۈلسە بۇ سىخېمىنى سىزىشقا قاتناشقان ھەرقانداق بىر ئالىمنىڭ بۇ دەرسلىكنى نەشر قىلغان نەشرىياتنى ئەرز قىلىش ھوقۇقى يوق ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ سەۋەبى بۇ بايقاش پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىز قانۇنىي نۇقتىدىن گېن بىلەن ئالاقىدار بولغان قانۇنىي مۇناسىۋەتلەرنى ئېنىق بىلەلىسەكلا، «گېن پاتېنت نەزەرىيىسى» نى ئىنكار قىلماي تۇرالمايمىز. چەت ئەللەردە بىر قىسىم ئادەم گېنلىرىنىڭ پاتېنت ھوقۇقى ئىلتىماس قىلىنىپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن قانۇن نەزەرىيىسىدىن ۋە ئىنسانىي قەدىر ـ قىممەت نۇقتىسىدىن ئالغاندا، بۇ خىل ئۇسۇل پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

ھاياتلىق ئىلمى ساھەسىدىكى بىر قىسىم زاتلار مۇنداق دەپ قارايدۇ: تېخنىكا سەۋەبىدىن مەلۇم خىل گېننى ئايرىپ چىقىش ۋە كېلونلاش ئۇسۇلىنىڭ پاتېنت ھوقۇقى بېرىلگەنلىكتىن، بۇ گېنمۇ ۋاستىلىك ھالدا پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشىپ قالىدۇ، لېكىن بۇ مەلۇم كىشىنىڭ گېنىنىڭ پاتېنت ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. بۇ يەردە ئادەمنىڭ قەدىر ـ قىممەت مەسىلىسى مەۋجۇت. بىئولوگىيە ساھەسىدىكى تۇنجى دۇنياۋى ھۆججەت «ئىنسانلار گېن گۇرۇپپىسى ۋە كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى» دا ئادەملەرنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى ساقلاش، كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئادەمنىڭ تولۇپ ئەركىنلىكى قاتارلىق مەزمۇنلار قايتا ـ قايتا تەكىتلەنگەن.

گېن تەتقىقاتىدا يەنىلا ئادەم ئامىلى ئاساس

ئىنسانلار گېن تېخنىكىسىنى ئىگىلەش ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن ناھايىتى شىپالىق دورىغا ئىگە بولغان بولسا، ئىنسانلار گېن سىخېمىسى مەخپىي سىگنالىنىڭ ئېنىقلىنىشى، كىشىلەرنى گېن كلىنىكىسى ۋە گېن ئارقىلىق داۋالىنىشتەك ئىلغار تېخنىكىلاردىن بەھرىمەن قىلىدۇ. لېكىن ئۇ كىشىلەرنى گېن قورالىنىڭ تەھدىتىگە ۋە گېن ئارقىلىق پەيدا بولغان ئېتىكا، ئەخلاق، قانۇن قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ ئىسكەنجىسىگە ئېلىپ قويىدۇ. ئىلىم ـ پەن قوش بىسلىق قىلىچقا ئوخشايدۇ، ئىنسانلار گېن تەتقىقات ساھەسىدە ئىنسان ئېرسىيەتشۇناسلىرى بۇ ئىككى بىسلىق قىلىچنى قويغۇچىلار ۋە ئويناتقۇچىلاردۇر.

جۇڭگو ئىنسانلار گېن گۇرۇپپا پىلانىنىڭ باش كاتىپى پروفېسسور ياڭ خۇەنمىڭ مۇنداق دېدى: «ئىنسانلار ئېرسىيەتشۇناسلىرىنىڭ ھاياتلىق تېخنىكىسىنىڭ نورمال ئىشلىنىشىگە كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئىنسانلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش مەجبۇرىيىتى بار.» بۇ يىل 4 ـ ئايدا خاڭجۇدا ئۆتكۈزۈلگەن ب د ت پەن ـ مائارىپ تەشكىلاتىنىڭ «ھاياتلىق ئېتىكىسى، بىئولوگىيە تېخنىكىسى ۋە بىئولوگىيە بىخەتەرلىكى» مۇھاكىمە يىغىنىدا، ياڭ پروفېسسور پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنسانلار ئېرسىيەتشۇناسلىرىغا مۇنداق تۆت تۈرلۈك ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىشنى مۇراجىئەت قىلدى: «ئېرسىيەتشۇناسلىق بىلىملىرى تەتقىقاتى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش، ئېرسىيەتشۇناسلىق تېخنىكىسى، سەھىيە ۋە ساقلىقنى ساقلاش؛ ئېرسىيەت ئۇچۇرلىرى ۋە تەدبىرلىرىنىڭ خاتا ۋە قالايمىقان ئىشلىتىلىشىنى ئەڭ زور دەرىجىدە توسۇش؛ ئالاقىدار بولغان گېن ئېتىكىسى، قانۇن ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر (ELSI) نىڭ مۇنازىرىسىگە پائال قاتنىشىش؛ كلىنىكا دوختۇرلىرىنى، ئاممىنى ۋە ئېرسىيەتشۇناسلارنى تەربىيىلەپ، گېن مەدەنىيىتىنى ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك.

دۇنيا بويىچە نوپۇسى ئەڭ كۆپ دۆلەت بولۇش بىلەن، جۇڭگو ئىنسانلار گېنى تەتقىقاتى نەتىجىسىدە پايدىغا ئەڭ كۆپ ئېرىشىدىغان دۆلەت بولىدۇ. بۇ ساھەدىكى تەتقىقات نەتىجىسىنى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ سەھىيە ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىغا ئىشلەتسە، بۇ خىل مۇلازىمەتنىڭ قاپلىنىشى دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئېرسىيەت ئۇچۇرى ۋە تەدبىرى خاتا، قالايمىقان ئىشلىتىلىدىغان ئەھۋاللار كىشىلەرنىڭ ھوشيارلىقىنى ئاشۇرۇشى لازىم. پروفېسسور ياڭ خۇەنمىڭ مۇنداق دېدى: «ئىنسانلار ئېرسىيەتشۇناسى بولغانلىقىمىز ئۈچۈن

2010

شۇنى ئېنىق بىلىمىزكى، گەرچە بىز گېن ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان تېخنىكىلارنىڭ ئىنسانلارغا پايدا يەتكۈزۈشىنى ئۈمىد قىلساقمۇ، ئەگەر خاتا ياكى قالايمىقان قوللىنىلىپ قالسا، ئۇ چاغدا ناھايىتى خەتەرلىك بولىدۇ، چۈنكى بىزنىڭ ھەپىلىشىۋاتقىنىمىز ئۆزىمىزنىڭ خاراكتېر ۋە ماھىيىتىمىز.» يالڭ پروفېسسور مۇنداق دېدى: «ئىنسانلار ئېرسىيەتشۇناسلىرى كەسپىي تەتقىقات ئېلىپ بارغاندا ئەڭ توپ بولغان ئىككى پرىنسىپقا چوقۇم ئەمەل قىلىشى لازىم. بىرى، ‹ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇپ تاللاش› ۋە ‹ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇپ، ماقۇللۇقنى ئېلىش› پرىنسىپى، يەنە بىرى، تەمىنلىگۈچىنىڭ شەخسىي سىرىنى ساقلاش ۋە قوغداش پرىنسىپى.»

جۇڭگو ئىنسانىيەت گېن گۇرۇپپىسى پىلانىنىڭ باشلامچىسى گەرچە بىر ئالىم بولسىمۇ، بۇ ئىككى پرىنسىپنى سۆزلىگەندە قانۇنشۇناسقا ۋە ئېتىكىشۇناسقا ئوخشاپ قالغان ئىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «بىز تەمىن ئەتكۈچىگە ئەۋرىشكىگە نېمە ئۈچۈن ئېھتىياجىمىز چۈشۈپ قالغانلىقىنى، ئەۋرىشكىنى ئالمىساق بولمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى، ئەۋرىشكىنى قانداق توپلايدىغانلىقىمىزنى ۋە كېيىن بۇ ئەۋرىشكىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىمىزنى، قايسى يەردە قانداق تەتقىقاتتا ئىشلىتىدىغىنىمىزنى، بۇ ئەۋرىشكىدىن قانداق نەتىجىگە ئېرىشىدىغىنىمىزنى، ئۇلارنىڭ ئىلىم ـ پەن ۋە جەمئىيەتكە قانداق تۆھپىسى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلار قوشۇلغاندىلا ئاندىن ‹ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇپ، تاللاش› ئورۇنلانغان بولىدۇ. ئۇلار ‹ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇپ، ماقۇللۇقنى ئېلىش ھۆججىتى› گە ئىمزا قويغاندىن كېيىن بىزنى ئەۋرىشكە بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئەگەر ئۇلار قوشۇلمىسا، بىز كۈتۈشىمىز، لېكىن ئالدىماسلىقىمىز، ئوغرىلىماسلىقىمىز، بۇلىماسلىقىمىز لازىم». «سىرىنى ساقلاش پرىنسىپى» توغرىسىدا توختالغاندا ئۇ مۇنداق دېدى: «ئەۋرىشكە بىلەن تەمىنلىگۈچىگە ئەھۋالنى ئۇقتۇرماي، ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ ياكى ئالاھىدە بېكىتىلگەن قانۇنىي تەرتىپتىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ، ھەرقانداق ئېرسىيەت ئۇچۇرىنى ھەرقانداق بىر شەخس، ھەرقانداق تەشكىلاتقا ئاشكارىلاشقا بولمايدۇ، شۇ كىشىنىڭ قەدىر ـ قىممىتى، نىكاھ، خىزمەتكە ئورۇنلىشىش، سۇغۇرتىسىغا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئاشكارىلاشقا تېخىمۇ بولمايدۇ.»

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان جۇڭگو دۇنيا مىقياسىدىكى گېن بىلەن ئالاقىدار بولغان ئېتىكا، قانۇن ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر (ELSI) توغرىسىدىكى تالاش ـ تارتىش ۋە ELSI گە ئالاقىدار بولغان خەلقئارالىق كېڭىشىش، بايانلارنى مۇزاكىرە قىلىشقا پائال قاتناشماقتا. بۇ مۇزاكىرىلەردىن دۇنياۋى خاراكتېرگە ئىگە، قېلىپلاشقان قانۇنىي ھۆججەتلەر چىقمىغانلىقى، ئىنسانلار ئېرسىيەتشۇناسلىقى ۋە گېن گۇرۇپپا ئىلمى دەرسلىك كىتابقا كىرگۈزۈلمىگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ مۇزاكىرىلەرنىڭ نەتىجىسى كەلگۈسىدە بۇ جەھەتتە قانۇن تۈرغۇزۇشتا كەسپىي يېتەكچىلىك ئەھمىيىتىگە ئىگە. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ مۇزاكىرىلەرمۇ بىزنىڭ ئېتىكىشۇناسلىرىمىزنى، قانۇنشۇناسلىرىمىز ۋە جەمئىيەتشۇناسلىرىمىزنى ئىنسانىيەت دەۋرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بۇ ھاياتلىق ئىلمىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىگە كۆڭۈل بۆلۈشكە ئىلھام بېرىدۇ.

جۇڭگودا ئىككى ئەۋلادقا يېقىن كىشى گېننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، گېننىڭ ئۆزى بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى بىلمەيدۇ. پروفېسسور يالڭ خۇەنمىڭ مۇنداق دېدى: «جۇڭگونىڭ ئىنسانىيەت گېن گۇرۇپپىسى پىلانى بىر تەربىيىلەش قائىدىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ بىرىنچى ماددىسى ‹گېننىڭ ئېنىقلىمىسى›. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، گېن مەدەنىيىتىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىنسانىيەت ئېرسىيەتشۇناسلىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان ۋەزىپىسى.»

نۇرغۇن جۇڭگولۇقلار «گېن» دېگەن بۇ ئاتالغۇغا يەنىلا ناتونۇش ۋاقىتتا، «گېن تېخنىكىسى» تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە قىزىپ كەتكەن بىر كەسىپكە ئايلاندى. بەزىلەر، بىزنىڭ گېن توغرىسىدىكى بىلىمىمىز ناھايىتى كەمچىل تۇرسا، گېن بىلەن مۇناسىۋەتلىك قانۇنىي مەسىلىلەرنى قانداق ئىگىلىيەلەيمىز، دېيىشى مۇمكىن. بۇ مېنى ناھايىتى ئېچىندۇرىدۇ.

(«قانۇنچىلىق گېزىتى» نىڭ 2001 ـ يىل 25 ـ ئىيۇن سانىدىن شەمشىقەمەر يۈسۈپ تەرجىمىسى)

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم




«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن نەشر قىلىنىدىغان، مەملىكەت بويىچە ئوچۇق تارقىتىلىدىغان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىردىنبىر ئۆلكە دەرىجىلىك ئايلىق ژۇرنال.

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ خەلق قۇرۇلتىيىنى تەشۋىق قىلىدۇ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىدۇ. مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدىكى خەلق قۇرۇلتىيىغا دائىر ئۇچۇرلارنى خەۋەر قىلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمىتى ۋە تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرىدۇ. ھەر مىللەت خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرى، ۋەكىللىك ھوقۇقى ۋە مەسئۇلىيىتىگە دائىر مەلۇماتلارنى تەشۋىق قىلىدۇ. خەلق ئاممىسىنىڭ تەلىپى ۋە ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ.

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي تۈزۈمدىكى چەت ئەل پارلامېنتلىرىنىڭ ئېلىمىز خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى بىلەن ئوخشايدىغان ۋە ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرىنى تونۇشتۇرىدۇ.

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى يەنە مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت، سەھىيە ـ ساقلىقنى ساقلاش قاتارلىق ساھەلەرگە ئائىت بىلىم، ساۋات، ئۇچۇرلارنى ئېلان قىلىدۇ.

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە دائىر قىسقا، ئىخچام ئەسەرلەر ئارقىلىق بەدىئىي تەلەپكارلارنىڭ ئىستېتىك زوقىنى قاندۇرىدۇ.

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى خەلق ئاممىسىنىڭ سىرداش دوستى بولۇپ كەلدى ۋە بۇ دوستلۇق بۇرچىنى داۋاملىق ئادا قىلىدۇ.

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ كۆزنىكى، جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكىنىڭ بازىسى، دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىقنىڭ مۇنبىرى بولۇپ، ئوقۇشچانلىق، نەزەرىيىۋىلىك، تەربىيىچىلىك بىر گەۋدە قىلىنغان ئۇنىۋېرسال ژۇرنال. ئۇ نەشر قىلىنغاندىن تارتىپ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى، ھۆكۈمەتلەر، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرى ھەمدە ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خادىملارنىڭ، قانۇنچىلىق نەزەرىيىچىلىرىنىڭ زۆرۈر ئوقۇشلۇقى بولۇپ كەلدى ۋە بارغانسېرى ھەر ساھە ئوقۇرمەنلىرىنىڭ تەلپۈنىدىغان ئوبيېكتىغا ئايلانماقتا.

بىز ئاپتورلارنىڭ ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ سادىق دوستى، دوست گەپنى يۈزتۇرانە، ئوچۇق ئېيتىدۇ. شۇڭا تۆۋەندىكىلەرنى قايتا تەكىتلەيمىز:

1. ماقالە ئەۋەتكۈچىلەر خەتنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى بويىچە ماقالە قەغىزىگە ئوچۇق، قۇر تاشلاپ يېزىپ ئەۋەتسە.

2. ماقالە بىزگە ئەۋەتىلگەن بولسا، باشقا گېزىت، ژۇرناللارغا كۆچۈرۈلمىسە تەكرار ئەۋەتىلمىسە.

3. ژۇرنىلىمىز ئەۋەتىلگەن ماقالىلەرنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا قىسقارتىشقا ھوقۇقلۇق. بۇنداق قىلىنىشنى خالىمايدىغان ئاپتورلار ئەسكەرتىپ قويسا.

4. ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنمىغان ماقالىلەر قايتۇرۇلمايدۇ. ئاپتورلار ئورىگىنال نۇسخىسىنى قالدۇرۇپ ئەۋەتسە.

5. ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەرنىڭ كۆز قارىشى، نۇقتىئىنەزەرى، ئىلگىرى سۈرگەن ئىدىيىسى ئاپتورنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق، ئۇ ژۇرنىلىمىزغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ.

6. ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بىزدە، ژۇرنىلىمىزنىڭ سەمىدىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ باشقا گېزىت، ژۇرناللارنىڭ كۆچۈرۈپ بېسىشىغا، نەشرىياتچىلارنىڭ توپلام قىلىپ چىقىرىشىغا ياكى توپلام كىتابلارنىڭ ئىچىگە قوشۇپ نەشر قىلىشىغا بولمايدۇ. شۇنداق ئەھۋال بولۇپ قالسا ھەر ئىككى تەرەپكە زۆرۈرىيەتسىز ئاۋارىچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ.

7. ژۇرنىلىمىزغا قايسى جەھەتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تەكلىپ، تەنقىد، پىكىر بېرىلسە خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالىمىز، بېرىلگەن تەكلىپ، تەنقىد، پىكىرلەر ئەھمىيەتلىك بولسا رىغبەتلەندۈرۈش مۇكاپاتى بېرىمىز.

كېلىڭلار دوستلار، ژۇرنالنى قول تۇتۇشۇپ بىللە ئىشلەيلى، بىللە ئىلگىرىلەيلى.

سىلەرگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، سالامەتلىك تىلەپ قول سوزغۇچى:

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى

# ماناس ناھىيىسى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى ئىقتىسادىي بەلبەغدىكى باشلامچىغا ئايلاندى

ماناس ناھىيىسى «تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى ئىقتىسادىي بەلباغ» نىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان يېزا ئىگىلىك ناھىيىسى. نۆۋەتتە ناھىيىگە قاراشلىق يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا، يېزا ئىگىلىكىدىكى پاختا، ئۈزۈم ھارىقى، شوخلا پىششىقلاپ ئىشلەش، ئاشلىق ـ ماي، ئورۇقچىلىق، قۇش باقمىچىلىقى قاتارلىق ئالتە ئاساسلىق مەھسۇلات بازىسى شەكىللەندى؛ سانائەتتە يېزا ئىگىلىكىدىكى باپلىق ئۈستۈنلۈكنى چۆرىدىگەن ھالدا مۇناسىپ كەسىپ زەنجىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، تۈۋرۈك كەسىپلەرنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇردى.



ھاكىم: جۇبىڭۋېن



ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى: ۋاڭ ۋېي

## قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىۋاتقان يېزا ئىگىلىك 10 ـ شى شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى

يېزا ئىگىلىك 10 ـ شى شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى قارىمىقىدا بېيتۈن، بالباغاي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى خەلق تەپتىش مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، تەۋەلىكىدىكى 10 دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەنى، 5 كان رايونى ۋە شىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردا يۈز بەرگەن دۆلەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈش دېلولىرى ۋە تەپتىش كەسپىگە دائىر باشقا خىزمەتلەرنى بېجىرىپ، قانۇن نازارەتچىلىكى فۇنكسىيىسىنى ئادا قىلماقتا.



جاڭ جيۈاڭ فوتوسى

## مۇستەھكەم قورغان

### —موري ئورمانچىلىق مەيدانى پارتىيە باش ياچېيكىسىنى زىيارەت



موري ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ قورۇ...




موري ئورمانچىلىق مەيدانى پارتىيە باش ياچېيكىسى سىياسىي يادرولۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كارخانىنىڭ ئىدېيىۋى سىياسىي خىزمىتىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، خېلى ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. بۇ مەيدان جەمئىي 1 مىليون 903 مىڭ يۈەن پايدا يارىتىپ، يۇقىرىغا 698 مىڭ يۈەن پايدا بېجى تاپشۇردى. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمى 1995 ـ يىلدىكى 5064 يۈەندىن ئېشىپ، 9359 يۈەنگە يەتتى. ئۆتكەن يىلنىڭ ئاخىرىغىچە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن پاراۋانلىق تەمىنات سوممىسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1000 يۈەنگە يېتىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى خېلى زور دەرىجىدە ئۆستى.

## تەرەققىي قىلىۋاتقان كۆكتوقاي ئورمانچىلىق مەيدانى

كۆكتوقاي ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ 492 ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار، مۇقىم مۈلكى 6 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ. مەيدان قۇرۇلغان 49 يىلدىن بۇيان، تەخمىنەن 760 مىڭ كۇبمېتىر ياغاچ ماتېرىيالى ئىشلەپچىقىرىپ، دۆلەتكە 20 مىليون يۈەندىن ئارتۇق پايدا بېجى تاپشۇردى، 20 مىڭ مو يەردە يېڭىۋاشتىن ئورمان ئەھيا قىلىپ، تاغنىڭ داۋاملىق يېشىللىق بىلەن پۈركىنىپ تۇرۇشىغا ۋە ئۈنۈمىدىن داۋاملىق پايدىلىنىشقا ئاساس سېلىپ، ئورمان بايلىقىنى قوغداپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تېگىشلىك تۆھپە قوشتى.



# باينغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئەمگەك ئىدارىسى ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى قۇرۇپ مۇكەممەللەشتۈردى

1. ئەمگەك - ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلىدى، بازار رىقابىتى ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مېخانىزمى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى.

2. نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇش، دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش كاپالىتى ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى جەھەتتە، ياشانغاندا بېقىلىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمى، دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش كاپالىتى تۈزۈمى ۋە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى تۈزۈمى، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى تۈزۈمىنى ئورناتتى.




ئوبلاست باشلىقى بادەي، ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ سابىق مۇئاۋىن شۇجىسى ئەخمەت قاسىم قاتارلىق رەھبەرلەر كورلا شەھىرىدىكى ئەمگەك كۈچلىرى بازىرىنى كۆزدىن كەچۈردى. (سولدىن 2 - ، 3 - كىشى)




2001 - يىل 8 - يانۋار ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئوبلاست بويىچە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى مۇكاپاتلاش يىغىنى ئۆتكۈزدى. ئوبلاستتىكى 20 نەچچە ئىلغار كوللېكتىپ، 24 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى.

3. كەسپىي ماھارەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە، ئىشچىلارنى باھالاش، ماھارەتنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ۋە تېخنىكلارنى تەكلىپ قىلىش تۈزۈمىنى ئورناتتى.

4. ئەمگەك بىخەتەرلىك تازىلىقى جەھەتتە، «بىخەتەرلىك بىرىنچى، ئالدىنى ئېلىش ئاساس» دېگەن فاڭجېننى ۋە «كارخانا مەسئۇل بولۇش، ساھەلەر باشقۇرۇش، دۆلەت تەكشۈرۈش، ئامما نازارەت قىلىش» تىن ئىبارەت بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرى.

## چارۋىچىلارنى مۇقىم ئولتۇراقلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىنچىكە يۇڭلۇق قويچىلىقنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرايلى


### —بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە چارۋىچىلارنى مۇقىم ئولتۇراقلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى تەجرىبىلىرى

بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان ئوبلاست، چارۋىچىلىق خەلق ئىگىلىكىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئوبلاست بويىچە قوتاندا ساقلانغان چارۋا سانى 1 مىليون 60 مىڭ تۇياققا، چارۋىچىلىقتىن يارىتىلغان ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 307 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ % 26.7 نى ئىگىلىدى، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 2819 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە چارۋىچىلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 2379 يۈەن بولدى.



ئىتتىپاق بولغان ئىدارە رەھبەرلىك بەنزىسىدىكىلەر (سولدىن 4 - كىشى پارتگۇرۇپپىنىڭ شۇجىسى تيەن جياچېن، ئوڭدىن 3 - كىشى ئىدارە باشلىقى سەي باۋچۈەن)

ئوتلاق چارۋىچىلىقى بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى چارۋىچىلىقىدىكى ئاساسلىق تۈۋرۈك كەسىپ بولۇپ، ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي چارۋىچىلىقتىكى ئۈستۈنلۈككە ئىگە سورت، ئىنچىكە يۇڭ ۋە قوي گۆشى چارۋىچىلارنىڭ ئاساسلىق كىرىم مەنبەسى.



ئىنچىكە يۇڭلۇق قويدىن قىشتا ئېلىنغان تۆللەر

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى : CN65 - 1033/D - W پوچتا ۋاكالەت نومۇرى : 34 - 58
ئېلان رۇخسەتنامە نومۇرى : 01005433 باھاسى : 2.90 يۈەن